


ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى

# پەيغەمبەر ھىجرىتىدىن ئۇرغۇغان ھەرىكەت دەرسلىكى

دوكتور ئابدۇلھەي بەرماۋى (مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە مەككە مۇكەررەمە ئۇممۇل قۇرا ئۇنىۋېرسىتېتىدا قۇرئان تەفسىر ئىلىملىرى ئۇستازى)

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە........................................ 5

1. دەرس مۇسۇلماننىڭ ئىززەت مەنبەسى.........................24
2. دەرس ئىسلام - پىكىر-مەزھەپلەر ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان مەيدان ئەمەس..............................................32
3. دەرس ئالدى بىلەن نەپسنى پاكلاش...........................39
4. دەرس مۇئامىلىدە ئوچۇق – يورۇق بولۇش...................44
5. دەرس خۇش-خەۋەر يەتكۈزۈش، چۆچۈتۈۋەتمەسلىك توغرىسىدا.........................................................54
6. دەرس دەۋەتكە كېرەكلىك ياخشى مۇھىت ئىزدەشنىڭ تەخىرسىزلىكى.................................................59
7. دەرس يەككىلەرتۈرى بۇيىچە دەۋەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى....66
8. دەرس غەلىبىگە ئالدىراپ كەتمەسلىك.........................76
9. دەرس خاتىرجەملىك تۇيغۇسىنىڭ تولۇق بولۇشى...........81
10. دەرس مەخپىيەتلىك مۇۋەپپەقىيەت يولىدۇر.................93
11. دەرس زۆرۈر تېپىلغاندا نىقاپلىنىۋېلىش.....................100
12. دەرس دۈشمەن سەپلىرىدەكۆز – قۇلاقلارنى قويۇشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا.........................................104
13. دەرس يۇقىرى ئۆرلەشتە چىڭ تۇرۇش.......................111
14. دەرس پىلان تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلىكى.

15.دەرس رەھبەرلىكنىڭ كەمتەر بولۇشى توغرىسىدا.........119
16.دەرس قوماندانىنى ھىمايە قىلىش..........................132
17.دەرس قارارچىقىرىشنى رەھبەرلىككە تاپشۇرۇش..........137
18.دەرس مۇشرىكلاردىن پايدىلىنىش.......................145
19.دەرس باشقىلارغا تۇتۇشقا تىگىشلىك مەيدانىمىز.........159
20.دەرس زۇلۇم ۋە زالىملارغا قارشى شىجائەتنىڭ بولۇشى.....172
21.دەرس پىدائىي ھەرىكەتلىرىنى يولغا قويۇش.............180
22.دەرس مۇسۇلمان ئايالنىڭ رولى ۋەئۇنىڭ ئەھمىيتى.....186
تۈگەنچە ...................................................... 195
تەرجىماندىن ...................................................199

# مۇقەددىمە

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

كىشلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭغان داغدام يولدا مېڭىپ ۋەز-نەسىھەت قوبۇل قىلىشى،ئۆتمۈشىدىن ساۋاق ئېلىشلىرى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى ھەققىدە ئومۇمەن ھىجرەت ھادىسىلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى ئىنسانىيەتنىڭ توغرا يول تېپىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولىغا ئەگەشكەن ئىخلاسمەن ئالىملار ۋە ياخشى نىيەتلىك تەتقىقاتچىلار(شەرقشۇناسلار ۋە ئۇلار يېتىشتۈرگەن غەربپەرەسلەر بۇنىڭ سىرتىدا)پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئۈستىدە ئۇزۇندىن بىرى قەلەم تەۋرىتىپ تەتقىقات مېۋىلىرىنى سۇنۇپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگەمۇشۇ ساھەدە ماختاشقا ئەرزىگۈدەك ياخشى ئىشلارنى روياپقا چىقاردى . لېكىن بۇ ۋەز-نەسىھەت ۋەدەرسلىكلەرنىڭ كىشلەرنىڭ رېئال دۇنياسىدا ئەمەلى ھەرىكەتكە ئايلىنالىشى تولىمۇ ئازبولدى ياكى بولمىسا مۇشۇ ۋەز-نەسىھەت ۋەدەرسلىكلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن كىشلەر دۇنياسى ۋەرېئاللىقى ناھايىتىمۇ ئاز ئۆزگەردى.

نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟

ھەقىقەتەن مۇشۇ ئەسىردىكى كىشلەرپەيغەمبەر ئەلەيسالامنىڭ تەرجىمھال ھادىسىلىرى ۋە ھىجرەت دەرسلىكىگە قاراپمۇ قويمىدىمۇ؟ياكى كىشلەر ئىچىدە تەرجىمھال ھادىسىلىرى ۋەھىجرەت دەرسلىرى بىرئويلىغاندەك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئامىل بولالمىدىمۇ؟ياكى روياپقا چىققان نەتىجىلەر-(تەرجىمھال

ھادىسىلىرى ۋەھىجرەت دەرسلىرىنى دېمەكچى ئەمەس)كىشلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى قوزغىتالمىغانلىقىدىن ، قوللىرىدىن تۇتۇپ مۇشۇ ھادىسىلەر ۋەدەرسلەرنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىدىغان ئورۇنلىرىغاۋە پايدىلىنىش جايلىرىغا ئاپىرالمىغانلىقىدىن بولدىمۇ؟ياكى بولمىسا ئۇلار قۇرۇق شوئارلارغا تايىنىپ راھەت-پاراغەت ئەيش- ئىشرەتكە مەشغۇل بولغانلىقتىن قولىدىكى قىممەتلىك بىباھا ئەگگۈشتەرنىڭ قەدرىنى بىلمەي سۈكۈتكە چۆمۈپ قىمىرلىيالماس بولۇپ قالدىمۇ؟ياكى كۆنلەرئۆتۈپ مۇشۇ ساھەدىكى ئەسەرلەر يېڭىلانغانسىرى ئەسلىتىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش سىگناللىرى ئۇرۇلغانسىرى خورەك تارتىپ ئۇخلىغانلىقلىرى، بۇ دەرسلىك دۇردانىلىرىدىن پايدىلانمىغانلىقى،ئاچچىق ئەمىلىيەتنى ئۆزگەرتەلمىگەنلىكلىرىدىن ئىچى پۇشۇپ ئۆزئارا مالامەت

قىلىشلىرىدىن باھانە- سەۋەب ، سۆلھى – سالالىرىدىن ، بىر –

بىرىگە دۆڭگەپ قويۇشلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلىشتىمۇ؟

ئىشقىلىپ ، بۇ ئۇلۇغ تەرجىمھال ھادىسىلىرى ۋە ھىجرەت دەرسلىرىنىڭ كىشلەرنىڭ رېئال دۇنياسى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىگە بولغان تەسىرى ۋە تۈرتكىلىك رولى تولىمۇ ئاجىز ۋە ئەپسۇسلىنارلىق بولدى .

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابچە ھادىسلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ، دەرسلىكلەرنى بايان قىلىش بولماستىن ، ئۇيقۇغا غەرق بولغان نەپسلەرنى ئويغىتىش، ئۆزگەرتكۈچى قۇراللار بىلەن قۇراللاندۇرۇپ قەدەملەرنى ھەرىكەت مەيدانىغا سىلجىتىش يولىدىكى كىچىككىنە ئۇرۇنۇش، خالاس.

تەجرىبە ، ئىلىم ۋە ئىشەنچىمگە ئاساسەن ئېيتالايمەنكى ،

قانداقلا بىر ئىسلامىي ھەرىكەت باشلىنىشتىلا ئىخلاس ، ئىلىپ بېرىلىش جەريانىدا سەممىيلىك ، مۇستەھكەم ئىرادە ۋە باشتىن – ئاخىر ئۇلۇغ اللەدىن تەۋپىق بولمىسا ئۇ مەغلۇب بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ كىتابىمنى خۇسۇسەن ئىسلام ئالدىنقى سېپىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان بايراقدارلارغا تەقدىم قىلىمەن .

1. چۈنكى ئۇلار ئىسلام ئۈممىتىگە نىسبەتەن خۇددى ئادەم بەدىنىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا قان يەتكۈزۈپ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن تەسىر يەتكۈزگۈچى مىكروپلارنىڭ كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ جىسىمنى قوغدايدىغان يۈرەك كەبى بۇ ئۈممەتنىڭ ھاياتىنى قوغدايدىغان ، ئۇنى ئاسرايدىغان ، يېڭىلاپ تۇرىدىغان ، قايسى زامان ۋە ماكاندا بولسۇن ، ئويغىتىش ، ھەرىكەتلىنىش ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ، ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ۋە رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئېلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كۈچلەرنىڭ كۆپ ۋە كۈچلۈك بولۇشى ، تەرەپ – تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ ، بۇ ئۈممەتنىڭ ئالدىدا پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان ھەرقانداق توسۇق ۋە داۋانلارنى تۈزلىۋېتىدىغان كىشىلەردۇر.

2. پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىگە تەقدىم قىلىمەن . بۇ ئۈممەت كىشىلەر مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان خەيرلىك ئۈممەتتۇر. مانابۇ ئۈممەت چوڭ جىسىم بولۇپ ئويغانغان ۋە ھەرىكەتكە كەلگەندە تەسۋىرلىگۈسىز سەممىي ھەرىكەتلەرنى ،

ئىخلاسمەنلىك ۋە ساداقەتنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. مىسلى كۆرۈلمىگەن پىداكارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، قۇربانلار بېرىدۇ. دەۋەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ . ئەسلىدە بولۇشقا ۋەتەرىپلەشكە تېگىشلىك نەمۇنىلارنى تەقدىم ئېتىدۇ. ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ، ئۈستىدىكى ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا ، رەھبەرلىك ۋە يېتەكلەش ھوقۇقىنى قولغا ئېلىشقا ئاتلىنىدۇ. ( بۇ ئىش اللەغا ئاساندۇر. )

3. بۇ كىتابىمنى خالىس ۋە سەمىمىي ھالدا توغرىغا يېتەكلىگۈچى ئىسلامىي ھەرىكەت ئېقىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قايتىدىن ئۆزىنى ئوڭشاپ ئۆزلۈككە قايتقان ، ئاشۇ ھەرىكەتكە يېقىنلاۋاتقان ۋە بۇ ھەرىكەتتىن توغرا چۈشىنىش ھاسىل قىلغان ، ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈش ئەمىلىيىتىدە ۋە

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى ۋە شان – شەرىپىنى توغرا يول بىلەن

ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش جەريانىدا پايدىلىنىدىغان دەرسلىكلەر ئارىسىدا لاياقەتلىك ، توغرا چۈشەنچە ئاتا قىلىدىغان بىردىنبىر ماتېريال ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن كىشىلەرگە تەقدىم قىلىمەن.

ئابدۇلھەي بەرماۋى (مەككە مۇكەررەمە)

ھىجرىيە 1418-يىل مۇھەررەم ئېيى

مىلادىيە 1997-يىلى 5-ئاي

مۇھىم نوختا

ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتى — بىز ھەر يىلى بىر قېتىم يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ تەبرىكلەيدىغان دەۋەت تارىخىدىكى ئۆتكۈنچى ھادىسە ئەمەس . شۇنداقلا ئۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغىلا چېتىلىدىغان شەخسى ھادىسىمۇ ئەمەس بەلكى بۇ ھىجرەت مۇشۇ دەۋەت ۋە بۇ دەۋەتنىڭ ساھىبى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىدىكى جۇلالىق بەلگە، ئۆز يۆنىلىشىدىكى جەۋھىرى ئۆزگىرىش ، دەۋەت ھاياتىدىكى يېڭى قوزغىلىش ۋە ئۆزئۇسلۇبىدىكى بىر پۈتۈن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان چوڭ ھادىسىدۇر .

بۇلار ۋە بۇلاردىن باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت دەرىسلىكى دەۋەت ئۈچۈن دەرسلىك بولۇپ ، بۇ دەرسلىكلەرنى ھەرىيلى ياكى پات-پات تەكرارلاپ تۇرۇش، دەۋەتنىڭ يۈرۈش پىلانىنى ئەسلەش رىئاللىقىمىزنى دەۋەتنىڭ مەقسەت-نىشان ، غايىلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆزدىن كەچۈرۈش ھەم زور ئەھمىيەتلىك ئىشتۇر . بىز بۇ دەرسلىكلەرنى تەكرارلاش ئارقىلىق يولىمىزنى توغرىلىۋالىمىز،مەقسەت نىشانىمىزنى ئەسكە ئالىمىز ، ئالى ھىممەتكە ئېرىشىمىز ، دىنىمىزنى چۈشىنىۋالىمىز . بەلكى بۇدەرسلىككە ئاساسەن رېئاللىقىمىزنى ياخشىلايمىز، ئۈستىمىزدىكى ئەلچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا ۋە رەببىمىزنى رازى قىلىشقامۇيەسسەر بولالايمىز .

ئەلھەمدۇلىللە اللەنىڭ ياردىمى بىلەن بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتىدىن تۆۋەندىكى نۇختىلارنى بايان

قىلماقچىمىز :

1- تۈرتكە
2- ھادىسە
3- نەتىجىلەر
4- پايدىلىق دەرسلىكلەر

بىرىنجى :تۈرتكە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلىشىغا نىمە تۈرتكە بولغان؟

بىز يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتىمىزكى پەيغەمبەر ئەلەيسالامنىڭ مەككە- مۇكەررەمەنى تاشلاپ ، مەدىنە-مۇنەۋۋەرىگەھىجرەت قىلىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسە ھەرگىزمۇ ئۇ زاتنىڭ شەخسى خاراكتىرى بولمىغان ، بىرەر نەرسىگەقىزىققانلىقى ياكى بىرەرنەرسىدىن قورققانلىقىدىنمۇ بولمىغان .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەي مەككە ! الله بىلەن قەسەمكى ، سەن ھەققەتەن ماڭا اللەنىڭ زىمىنىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكىدۇرسەن ، سەن ھەققەتەن اللەنىڭمۇ زىمىنىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكىدۇرسەن ، ئەگەر كىشىلەرمىنى سەندىن چىقىرىۋەتمىگەن بولسا ئىدى ، مەن سەندىن ھەرگىزمۇ چىقىپ كەتمەيتتىم.»(ئىمام ئەھمەد ، تىرمىزى رىۋايىتى )دەپ تەسۋىرلىگەندەك اللەنىڭ ھەربىردىن ھەرگىزمۇيۈزئۆرىمەيتتى . شۇنداقلا ئۇ ئۆزىگەبىرەر كىلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ياكى قورققانلىقىدىنمۇ ھىجرەت قىلمىغان .چۈنكى ئۇ اللەنىڭ «الله خالايىقلاردىن(يەنى ئۇلارنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن)ساقلايدۇ.» (سۈرە مائىدە 67.ئايەت )دېگەن سۆزىگەقاتتىق ئىشىنەتتى. ھەم ئۇ زاتنىڭ بىرپۈتۈن ھاياتى تارىخى ئۇنىڭ باتۇرلارنىڭ باتۇرى،

قورقۇمىسىز ،جاسارەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلىغان

يەنە تەكىتلەيمىزكى ، مۇشۇ ھىجرەت ، بۇ- ئالەمشۇمۇل كاتتادەۋەت تارىخى يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغان ھادىسىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە ئوخشاش ئۆتكۈنچى ھادىسە ئەمەس. بۇنىڭ دەلىلى:بۇنداق ھادىسىلەردەۋەت يۈرۈشىنىڭ سىزىقىدىكى ئۆزگىرىشىدىن كىلىپ چىققان قانۇن - تۈزۈملىرى جەھەتتىن بولسۇن ، ئۇنىڭ ئىجراچىلىق ھاياتىدا بولسۇن بەلكى مۇشۇ دەۋەتنىڭ ئۇسلۇبىدا بولسۇن ۋە ۋاستىلىرىدا بولسۇن ئۇنىڭدىن كىيىن ھەرگىزيۈز بىرىپ باقمىدى .

ئۇنداقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلىشىغا زادى نىمە تۈرتكە بولغان ؟

تۈرتكە بولغان نەرسە ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ، لىكىن بىز بۇ ئورۇندا سۆزىمىزنى ئىككى تۈرلۈك ئىشقىلا مەركەزلەشتۈرىمىز .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن ھىجرەت قىلىشى قورقۇش ۋە سىقىلىش بولمىغان دەۋەتنى تولۇق ئەركىنلىك بىلەن ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىپ ، تەشۋىقاتنى پائال قانات يايدۇرىدىغان يېڭى بىر زىمىن ئىزدەش . چۈنكى ئاشۇ زىمىندىن بۇ ئالەمشۇمۇل دىنىنىڭ پىرىنسىپلىرى اللەنىڭ زىمىنىنىڭ شەرق ۋە غەربلىرىدىكى

ھەربىر بولۇڭ – پۇچقاقلىرىغا قەدەر تارقىلىدۇ. مەككىدە 13يىل

داۋاملاشقان يوشۇرۇنۇش ، ئاشكارىلىيالماسلىق ، بىكىنمىچىلىك ، قىستىلىش ، ھەرخىل ئەزىيەتلەر ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپەيمەسلىكى بۇ دىنىنى كىشىلەرگە جاكارلاش ئۈچۈن ئەركىن مەيداننىڭ بولماسلىقى دەۋەت ساھىبى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە بولغان ئېغىر بېسىم ، قاتتىق نازارەت ۋە تەقىپ تۈپەيلى بىرەر ئىشنى

ۋۇجۇدقا چىقىرالماسلىق قاتارلىق ئامىللار تەبىئىي ھالدا يېڭى بىر زېمىن ئىزدەشكە تۈرتكە بولغان.

②بۇ يېڭى تۈزۈمنى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي رېئاللىقى ۋە كۈندىلىك

ھاياتىي پائالىيەتلىرىدە قۇرۇپ چىقىش كېرەككى، ئۇلار بۇ تۈزۈمنىڭ بەرپا بولغانلىقىنى ئۆزكۆزى بىلەن كۆرىدۇ، ئاشۇ تۈزۈمنىڭ سايىسى ئاستىدا ياشايدۇ ، ئۇنىڭ ئادالىتىدىن تولۇق بەھرىمەن  بولىدۇ. ئىسلامىي دۆلەت تەشكىل قىلىپ ، اللەنىڭ شەرىئىتى ئىچىدە ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىدۇ. ھەم بۇ دۆلەت ئۆزپىرىنسىپلىرىنى ئەتراپىقا كەڭ كۆلەمدە تارقىتىدۇ ، تەۋەلىكىدىكى كىشىلەرنى ھىمايە قىلىدۇ. شۇ چاغدا بۇدىن پەيلاسوپلارنىڭ رېئاللىقتا ئاساسى بولمىغان قۇرۇق نەزەرىيەلىرىگە ئوخشاپ قالمايدۇ . ئەمەلىي رېئاللىق بۇ دىنىنىڭ ساغلاملىقىنى ۋە دۇنيانى، كىشىلەرنى توغرا ھايات كەچۈرۈشكە يېتەكلەش سالاھىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. . چۈنكى مەككىدە تۇرۇپ بۇ تۈزۈمنى قۇرۇپ چىقىش ۋە ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى قۇرۇق خىيالغا ئايلانغان بولاتتى . شۇنداقلا بۇ تۈزۈمنى بەرپا قىلىش  يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بارلىققا كەلتۈرگەن بۇ كىشىلەر ئەقىدىسىنىڭ ساغلاملىقى ، ئەخلاقىنىڭ دۇرۇسلۇقى ، ئىبادەتلىرىنىڭ توغرىلىقى ، مۇئامىلىسىنىڭ گۈزەللىكى ، دىنىي چۈشەنچىسىنىڭ  ئاممىبابلىقى ، ساپلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە پىشىپ يېتىلگەنلىكلىرى ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ئىسلامىي دۆلەتنى قۇرۇپ چىقماستىن مەككىدە

تۇرۇۋېرىشى ئۇلارنىڭ ۋاقتىنى زايا قىلغانلىق ۋە كۈچ – قۇۋۋەت ،

سەۋر – تاقەتلىرىنى خورىتىۋەتكەنلىك بولاتتى.

ئىككىنچى : ھىجرەت ۋەقەسى ، ھىجرەت ھادىسىسى ياكى ھىجرەت توغرىسىدىكى سۆزلەر بەكمۇ تونۇشلۇقتۇر . چۈنكى بۇ ھەقتە ھەدىس كىتابلىرى ، تەرجىمىھال كىتابلىرى ۋە تارىخ كىتابلىرى نۇرغۇن سەھىپىلەرنى ئاجراتقان . بىز بۇ جەرياننى قايتىدىن تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز . لېكىن شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈمىزكى ،تەرجىمىھال كىتابلىرى ۋە تارىخ كىتابلىرى ئارىسىدامۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ تەرجىمىھالىدىن سەممىي ، ئىنچىكە ۋە ۋە ئىسپاتلىق بولغان تەرجىمىھال تېپىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دەرسلىك تىمىمىزغا خاس قايسى بىر ئابزاس ياكى مەلۇماتنى دەلىل قىلغان بولساق ، ئۇ( ئەسلى ) ئىشەنچلىك ۋە ساغلام بولغان ، شەك – شۈبھىدىن ھەم كۆپتۈرۈلۈشتىن خالىي دەلىل – ئىسپاتلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئۈچىنچى : تارىختىكى ھىجرەتلەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ ، ھىجرەتنىڭ نىشان – مەقسەتلىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ ھىجرىتىدە ئەمەلىيلەشكەندەك ئەمەلىيلىشىپ باقمىدى. بەكى تارىختىكى ھىجرەتنىڭ مەقسەت – نىشان ۋە نەتىجىلىرى ئۆلچەم ۋە كەيپىيات جەھەتتىمۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ ھىجرىتىدە ۋۇجۇدقا چىققاندەك ۋۇجۇدقا چىقىپ باقمىدى.

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىككى تۈرلۈك نىشان ياكى ئىككى تۈرلۈك تۈرتكە تۆۋەندىكىچە:

1.دەۋەتنى تارقىتىش

2. ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇپ چىقىش

بۇلارنىڭ بىرىنچىسىگە نىسبەتەن، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن ، ساھابە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەڭ كۆلەمدە دەۋەت ئېلىپ بېرىشى بىلەن ، ئىسلامىي دەۋەت بۇ يېڭى ( مەدىنە ) زېمىنغا تارقىلىشقا باشلاپ ، الله قەلبلەرنى ، ئەقىل كۆزلىرىنى بۇ دىن ۋە ئۇنىڭ پىرىنسىپلىرىنى شامال تىزلىكىدە چۈشىنىپ ، ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاشقا ئېچىۋەتكەن. بۇ يېڭى دىن كىشىلەر ئىچىدە يىلتىز تارتىپ ھەم كەڭ تارقىلىپ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم بۇ زېمىنغا ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى ، ئىبنى ھىشام ئېيتقاندەك : « مەدىنە ئەنسارلىرىنىڭ ھويلىلىرىدا رەسۇلللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ ئەھۋالى تىلغا ئېلىنمايدىغان بىرەر ھويلا قالمىغان ئىدى. » ( پەيغەمبەر تەرجىمھالى 1.كىتاب 490.بەت )

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتىدىن كېيىن ، ئەھۋال تۈپتىن ئۆزگەردى . بۇدىنىنىڭ خۇش بۇي ھىدى ھەممە

تەرەپكە تارقىلىشقا باشلىدى. يېراق – يېقىندىكى شەھەرلەر، يېزا-

قىشلاقلارغىچە ھەممە- يېڭى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئاشۇ يېڭى دەۋەت ۋە ھەرىكەت بازىسىدىن قارىيلار ۋە دىن ئۆگەتكۈچىلەر ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سەپەرگە ئاتلاندى . شۇنىڭ بىلەن بۇ دىنىنىڭ ئىشلىرىنى ھەممە بىلدى. بۇيېڭى دىنىنىڭ پىرىنسىپ ۋە تەلىماتلىرىنى

دوست-دۈشمەن بولامدۇ، شەھەر – يېزا قىشلاقلاردىكى ھەممە

ئۇقتى.

بۇ يېڭى زېمىن ۋە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ۋەتەندە ، بىر نەچچە يىل ئۆتمەيلا ، كىشىلەر بۇ زېمىندىكى ئادالەت ، ھىدايەت ۋە خەيرىيەتلەرگە ئىنتىلىدىغان ، دىن نۇرى ئۇلارنى بۇ يورۇققا جەلب قىلىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام بايرىقى ئاستىغا قوشۇلغانلىقىنى جاكارلاپ ، ئىسلام تەلىماتى ۋە پىرىنسىپلىرىنى قوۋم – قېرىنداشلىرى ۋە يۇرتداشلىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كىشىلەر مەدىنىگە ئايىغى ئۈزۈلمەي ئارقىمۇ – ئارقا ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكتىن ، ھىجرەتنىڭ 9.يىلى «ئەلچىلەر»دىگەن نامدا ئاتالدى.

بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ: «الله ھەق دىن ( ئىسلام )نى بارچە دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى )تولۇق ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى . (سۈرە تەۋبە 33. ئايەتنىڭ بىر قىسمى . )»

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام :بۇ دىن (يەنى ئىسلام ) كېچە – كۈندۈز يەتكەن جايلارغىچە يېتىپ بارىدۇ. الله بۇدىننى ئەزىزنىڭ ئەزىز قىلىشى ياكى خار قىلغۇچىنىڭ خار قىلىشى بىلەن كىرگۈزمەگەن بىرمۇئۆي قالمايدۇ،ئەزىز كىشى الله ئىسلام ئارقىلىق ئەزىز قىلغان كىشىدۇر .

ئىبنى ھىببانىنىڭ سۆزى ئەملىيەتتە ئىسپاتلاندى.بەلكى ئىسلام تېخىمۇ كېڭىيىپ ، ئەينى زاماندىكى دۇنياغا مەشھۇر

ۋىزانتىيە ۋە ئىراندىن ئىبارەت قەيسەر بىلەن كىسرانىڭ ئىمپىرىيىسىنى ئۆز تەۋەسىگە قوشۇپ ، ئۆز نۇرى بىلەن ھەر تەرەپنى يورۇتۇپ ئىنسان ۋە ئىنسان تۈزۈلمىسىدىكى قۇللۇقتا مەھكۇم خەلقنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ ، ئىنسانلارنىڭ پەرۋىشچىسى ،

ئىززەت — ھۆرمەت ئىگىسى بولغان اللەغا بەندە بولۇشقا ئېلىپ

چىقتى. بۇ ئىشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلار ( ئۇلارغا اللەنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن . ) بىلەن مەدىنىنى دۈشمەنلەر ھوجۇمىدىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن خەندەك كولاۋاتقاندا ئېيتقان سۆزىدەك ئەمىلىيەتكە چىقتى. بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ :"بىز خەندەك كولاۋاتقاندا ، بەزى كۈنلىرى جەيزە-بازغانلار بىلەن پارچىلاشقا كۈچىمىز يەتمەيدىغان قورام تاشلار ، پاسقاقلارغا دۇچ كىلەتتۇق. بۇنداق قىيىن ئەھۋالدا رەسۇلىللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە دەيتتۇق. بىر كۈنى بىز ئۇنىڭغا شىكايەت قىلغان ئىدۇق، ئۇكىلىپ ،

قولىغا بازغاننى ئالدى — دە،اللەنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن دەپ ،

بىرنى ئۇردى ۋە ،-اللە ئەڭ بۈيۈكتۇر ، ماڭا شامنىڭ ئاچقۇچلىرى بىرىلدى ، اللە بىلەن قەسەمكى ، مەن مۇشۇ سائەتتە شامنىڭ قىزىل قەسىرلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن ، -دىدى. ئاندىن ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇپ، تاشنىڭ بىر بۆلىكىنى چاقتى . "اللە ئەڭ بۈيۈكتۇر "دەپ تەكبىر ئېيتقاندىن كىيىن ، ، - ماڭا پارس يۇرتى بىرىلدى، مەن ھازىر مەدائىن شەھرىدىكى ئاق قەسىرلەرنى كۆرىۋاتىمەن ، - دىدى . يەنە ، اللەنىڭ ئىسمى بىلەن ئۈچىنچى زەربىنى ئۇرۇپ ، تاشنىڭ قالغان قىسمىنى پارچىلىدى ۋە ، - اللە ئەڭ بۈيۈكتۇر،-دەپ تەكبىر ئېيتقاندىن كىيىن ، - ماڭا يەمەنىنىڭ ئاچقۇچلىرى بىرىلدى

، اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى ، مەن ھازىر مۇشۇ  ئورنۇمدا تۇرۇپ، سەنئانىڭ دەرۋازىلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن ، ـدېگەن ئىدى . "دەيدۇ. (نەسائىي 2.توم 56.بەت )

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلەردە بىشارەت بېرىپ ئۆتكەندەك ، بۇدىنىڭ نۇرى كەڭ كۆلەمدە تارقالغانلىقتىن يەرشارىنىڭ مەغرىپ ۋە مەشرىق تەرەپلىرىگە قەدەر يېتىپ بارىدۇ. ئىنشائاللا ، كەلگۈسى ئىسلامنىڭ بولىدۇ. ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ " الله ماڭا زېمىننى قاتلاپ كۆرسەتتى ، مەن زېمىننىڭ مەشرىق ۋە مەغرىپ تەرەپلىرىگە قەدەر كۆردۇم ، الله پات ئارىدا ئىگىلىك ھوقۇقىنى زېمىندىن ماڭا قاتلاپ  كۆرسىتىلگەن يەرلەرگە قەدەر يەتكۈزىدۇ. "دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. (مۇسلىم 8.جىلد 171.بەت )

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى بىشارەتلىرى ئەمەلىيەتتە كۆرۈلدى. قالغان قىسمى يېقىن كەلگۈسىدە اللەنىڭ ئىزنى بىلەن چوقۇم تولۇق ئەمەلگە ئاشىدۇ. يوقاردىكىلەر بىلەن بىرىنچى نىشان

تولۇق ئىشقا ئېشىپ . اللەنىڭ پەزلى – مەرھەمتى بىلەن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت نەتىجىلىرىنىڭ بىرى گەۋدىلىك ھالدا تەجەللى قىلدى . ئەمما ئىككىنچى نىشانغا نىسبەتەن بۇ دەۋەتنىڭ مەككىدە ۋۇجۇدقا چىقمىغان ، بەلكى ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن بولمىغان ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ، بۇ دۆلەتنىڭ

ئاساسلىرىنى بېكىتىش ، نىشانلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ، ۋە ھۇل –

ئاساسىنى قارار ئالدۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەپلىرى قالدى.

كىشىلەر ئېيتقاندەك دۆلەت تۆت تۈرلۈك ئاملدىن قۇرۇلىدۇ:

1. زېمىن
2.خەلق

3. قانۇن – تۈزۈم
4.ھاكىم يەنى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى

مەدىنىدە يېڭى ئىسلام دۆلىتىنىڭ بۇ ئاساسلىرى ئۆزگەۋدىسىنى نامايەن قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، زېمىن مۇسۇلمانلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن ، غەلىبە كۆپ سانلىق مۇھاجىر ۋە ئەنسارىيلاردىن تەشكىل تاپقان مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن ، شۇنداقلا رەھبەرلىك ھوقۇقىمۇ ئۇلاردا بولغان . ھەممە كىشى (مەدىنىنىڭ ) خەندەك غازىتىدىن كىيىن ئىسلام دۆلىتىنىڭ مەركىزى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئېتىراپ قىلغان . اللەتەئالا بۇ توغرىدا خەۋەر بىرىپ :" **الله** كافىرلار (يەنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ئىتتىپاقداش قوشۇن) نى خاپا قايتۇردى ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى **الله** (دۈشمەنگە بۇران ۋە پەرىشتىلەرنى ئاپىرىدە قىلىپ) مۇئمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلبىگە ئېرىشتۈردى **الله** كۈچلۈكتۇر غالىبتۇر."سۈرە ئەھزاپ 25.ئايەت )

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم : " بىز ھازىر ئۇلارغاقارشى ئۇرۇش قىلىمىز ، ئۇلار بىزگە قارشى ئۇرۇش قوزغىيالمايدۇ، بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتىمىز . " (بۇخارىي رىۋايىتى) دىگەن سۆزى بىلەن دۈشمەنلەر قەلبىدىكى نەرسىلەرنى ئېچىپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن زېمىن ئاساسى ۋۇجۇدقا چىقتى.

خەلق . مۇسۇلمانلار مەككىدىكى چاغدا ئازسانلىق ، باشقىلار كۆپ

سانلىق بولغان بولسا ، ئەمدىلىكتە مەدىنىدە ئۇلار كۆپ سانلىق ، باشقىلار ئازسانلىق بولۇپ قالدى. بەلكى ئۇلار بۇ دىنىنى سۆيۈش ، دىن تەلىماتلىرىنى چىڭ تۇتۇش ، ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقانلىقى بىلەن سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ، كەيپىيات ۋە مىقدارىنى ھېساپلىغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئاۋۇپ كەتتى. ئۇلار ئۆزۋەتەنلىرىدە ھەقىقىي ھۆرلۈك (ئىستىقلالىيەت ) نىڭ تەمىنى تېتىدى. ئاشۇ ۋەتىنىدىن ئۆزلىرىنىڭ جېنى ۋە مېلىدىن ، بارچە نەرسىلىرىدىن قىممەتلىك بولغان دىنىنى سىرتقى دۇنياغا يۈزلەندۈردى ۋە تارقاتتى ۋە ئاشۇ

زېمىندىكى ئىززەت — ئابرويلىرىنى قوغداش ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا

قىلىشتى.

بۇنىڭ بىلەن خەلق ئاساسى ۋۇجۇدقا چىقتى.

قانۇن . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قانۇن جەھەتتە : " ئېيتقىنكى ، ئەگەر ئىنسانلار ، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ ، بىر- بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ . (17.سۈرە 88.ئايەت ) دىگەن قانۇنغا تەڭ كىلىدىغان بىرەر قانۇن بولمىغان . گەرچە قۇرئان مەككىدە ھىجرەتتىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان بولسىمۇ، ھىجرەتتىن كىيىنكى يۆنىلىشى ، مىنھەجى ۋە ئۇسلۇبى تامامەن ئۆزگەردى. چۈنكى مەدىنە سۈرىلىرى ۋە ئايەتلىرى دۆلەت قۇرۇلۇشىغا دائىر بايانلارغا يۈزلىنىپ ، ھاياتلىق تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىدە بولۇشقا تىگىشلىك ئىنتىزام بەلگىلىرىنى ئېنىقلىققا ئىگە قىلدى. ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەر بولسۇن، ئىجدىمائىي ئىشلار

بولسۇن ، ئائىلىۋىي ئىشلار بولسۇن ياكى ئەسكىريي ئىشلار ،تەلىم —

تەربىيىگە ئائىت ئىشلار بولسۇن ..... ياكى ئەقىدە ، ئەخلاق ۋە ئىبادەتلەرگە ئالاقىدار تەرەپلەر بولسۇن مۇھتاج بولىدىغان قانۇن – تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى .

بۇ قانۇن بەدەن ۋە ئەقىللەرگە ئەھمىيەت بېرىشتىن بەكرەك قەلبلەرگە ئەھمىيەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن كىشلەر قانۇندىن ئۆزىنى قاچۇرماستىن بەلكى ئاشۇ قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئاستىدا ياشاشقا ئالدىرىدى . سەل قاراش ۋە پەرۋا قىلماسلىقنىڭ ئورنىغا ھەممىسى بۇ قانۇنغا چىڭ ئېسىلىشتى . ئاخىرى بۇ قانۇن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنىڭ ئارامگاھى، كۆزلىرىنىڭ جۇلاسىغا ئايلىنىپ ، بۇ قانۇن ئارقىلىق ئۇلارنىڭ غەم – ئەندىشىلىرى تۈگەپ كەتتى. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ: " بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ ، ياخشى ئىش قىلغۇچى مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ . " (17.سۈرە 9.ئايەت )

تۆتىنچى ئاساس . شۇنىڭ بىلەن قانۇن ئاساسى ۋۇجۇدقا چىقتى. دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۆتىنچى ئاساسى بولغان ھاكىم ، كىشلەرنىڭ قەلبلىرى ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ سوقۇپ كىتىدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن جانلار پىدا قىلىدىغان ، ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىش بىلەن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدىغان ، رەھبەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ، ئادىل ھۆكۈمرانلارنىڭ پىشۋاسى ، ئۇلۇغ ئىنسانلارنىڭ نەمۇنىسى ، بارچە پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى بولغان ئۇلۇغ يولباشچىمىز بولغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئىدى.

بۇ ھەقتە اللە مۇنداق دەيدۇ : " ئى مۇھەممەد، پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى ، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سىنى تەكلىپ قىلمىغىچە ، ئاندىن پۈتۈنلەي بوي سۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ." (سۈرە نىسا 65.ئايەت )

يوقاردىكىلەر بىلەن ئىككىنچى مەخسەت تولۇق ئەمەلگە ئېشىپ ، اللەنىڭ پەزلى – مەرھەمتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت نەتىجىلىرىدىن يەنە بىرى گەۋدىلىك ھالدا نامايەن بولدى.

يۇقارقىلارغا ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت نىشانلىرى ئەمەلگە ئېشىپ ، اللەنىڭ پەزلى – مەرھەمتى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا ئۇنىڭ يارقىن نەتىجىلىرى نۇر چېچىپ ، بۈيۈك ئىش – ئىزلىرى ئۆزىنى نامايەن قىلدى.

ئەمدىلىكتە بولسا بىزلەرگە ئىسلامىي ھەرىكەتلەرگە توسقۇنلۇق پەيدا قىلىدىغان ، ئۈممەتنى ئويغىنىش – ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ، ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىن ، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئېلىپ دۇنيا ئىنسانلىرىنى ئەدلى – ئادالەتتىن بەھرىمەن قىلىدىغان ھالەتكە كېلىشتىن يېراقلاشتۇرىدىغان كۈچلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇشتا بۇ دەرسلەردىن قانداق پايدىلىنىشلا قالدى.

تۆۋەندىكى دەرسلەرگە ئىگىمىز اللەدىن ساداقەت ،

ئىخلاسمەنلىك ، توغرىنى ئۇتتۇرىغا قويۇش – تىرىشچانلىقىمىزنى قوبۇل قىلىش ۋە ئاخىرقى مەخسەتكە يەتكۈزۈشنى سوراش بىلەن تۈگتۈش قىلىمىز .

ئەسكەرتىش

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي پايدىلىنىشى ، ئىسلامىي ھەرىكەت بايراقدارلىرىنىڭ خۇسۇسىي پروگىراما قىلىشقا تىگىشلىك دەپ قارىغان بۇ دەرسلەرنى باشلاشتىن بۇرۇن تۆۋەندىكى ئەسكەرتىشنى بىرىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق .

1. بۇ ساھەدىكى دەرسلەر شەخسىي ئۈچۈن بولسۇن ، ئائىلە ئۈچۈن بولسۇن ياكى پۈتۈن ئۇممەت ئۈچۈن بولسۇن ناھايىتى كۆپ ۋە مولدۇر.

2. ئىلمىي تالانتىنىڭ قانداق بولۇشى ، چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ قانچىلىك بولۇشى ، سۆزلەرنى پاساھەت – بالاغەتتە ۋايىغا يەتكۈزۈشى، سۆزلەرگە ئۈستىلىقى يېزىقچىلىق جەھەتتە پەۋقۇلئاددە تالانتى بولۇشتىن قەتئىينەزەر بىر ياكى بىر نەچچە يازغۇچىنىڭ مۇشۇ تىمىدىكى دەرسلىكلەرنى تامامەن يېزىپ كىتەلىشى ياكى بىلىپ كىتەلىشى ھەرگىز مۇمكىن بولمايدۇ.

3. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ دەرسلىكلەرنىڭ قىممىتى تۆگەپ كەتمەيدۇ، كېچە- كۈندۈزلەردە قايتا- قايتا تەكرارلاش بىلەن كونىراپ قالمايدۇ.

4. ئىسلام ئۇممىتى ھەرقاچان يالغۇز شەكىلدە بولسۇن ياكى جامائەت شەكلىدە بولسۇن بۇ دەرسلىكلەردىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا سەممىيەت ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن بەل

باغلايدىكەن ، دەۋر ۋە مۇھىتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ، الله بۇ ساھەدىكى دەرسلىككە يېڭىلىقنى ئاتا قىلىپ بېرىدۇ، كۈتۈلمىگەن پايدىلارنى ئاتا قىلىدۇ. بىزنىڭ بۇ دەرسلەرگە

ئۈرۈنۈشىمىز پەقەت دېگىز – ئوكياندىن تامچە بولۇپ ، پەيغەمبەر

يولىغا ئەگىششكە ئىلھام بەرگەنلىك ، بۇ دەرسلىكلەردىن پايدىلىنىش ۋە توغرا يولغا ئېرىششنى ئۈمىد قىلغانلىقىمىز ئۈچۈندۇر، خالاس .

# بىرىنچى دەرس مۇسۇلماننىڭ ئىززەت مەنبەسى

ھەقىقەتەنمۇ مۇسۇلماننىڭ ئىززەت – ئابرويى اللەنىڭ

شەرىئىتىنى چىڭ تۇتۇش ، ھەردائىم سەگەكلىك بىلەن اللەنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ، اللەنىڭ غەمخورلۇقىنى سەممىيلىك بىلەن ھېس قىلىش ، ، اللەنىڭ ئۆز دوستلىرىغا ياردەم بېرىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى سۈيىقەستىدىن قوغدايدىغانلىقىغا مۇكەممەل ئىشەنچ قىلالىغاندىلا ئاندىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. مانا بۇسەۋەبتىن رەسۇلىللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ھىجرەت قىلغان كۈنى قەۋمىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ سۈيىقەستلىك پىلان تۈزگەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ھودۇقۇپ كەتمىگەن. كۆڭلى جايىدا ، يۈرىكىنىڭ سوقۇش رىتىمى نورمال ، نەزىرى ئۆتكۈر، تەييارلىقى پۇختا ھەم ناھايىتى ياخشى بولغان . بۇنداق بولۇشى اللەنىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتىنى كۈتكەنلىكى ، بەلكى اللەنىڭ غەمگۈزارلىقىنى ۋە ئىشلىرىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىدىن ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچتىن خوددى قەۋمى ئۆزىنى كۆرمەيدىغاندەك ۋە سەزمەيدىغاندەك تۇيغۇغا

كەلگەن، بەلكى ئۇلارنىڭ ھىيلە – مىكىرلىرىگە پەرۋا قىلمىغان ،

سۈرەن – شاۋقۇنلىرىغا پىسەنت قىلمىغان.

" ئەگەر اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمساڭلار ، الله

ياردەم قىلىدۇ. " اللە ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياردەم قىلغان ئىدى.
ئۆرۈۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى مەككىدىن ھەيدەپ چىقارغاندا ، ئۇنىڭغا
پەقەت بىر كىشى ( يەنى ئەبۇ بەكرى سىددىق ) ھەمراھ ئىدى .
ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئىككىسى غاردا تۇرغاندا رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ
ئەلەيھى ۋەسسەللەم ھەمراھىغا: " غەم قىلمىغىن، اللە ھەقىقەتەن
بىز بىلەن بىللە» دېيتتى،اللە ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبىرىگە)
خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان)
قوشۇنلار بىلەن مەددەت بەردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار،"(سۈرە
تەۋبە 40.ئايەتنىڭ بىر قىسمى )

سەھىھۇل بۇخارىدا ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ
ئەنھۇنىڭ : " مەن ئۆڭكۈردە رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى
ۋەسسەللەم بىلەن بىرگە ئىدىم ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قاراپ ، بىزنى

قوغلاپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ پۇتلىرىنى كۆردۈم – دە ، ـئى،

اللەنىڭ پەيغەمبىرى ، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرسى ئېڭىشىپ
قارايدىغان بولسا ، بىزنى كۆرۈپ قالىدۇ، ـدېدىم . ئۇ ، ـ ئەي ئەبۇ
بەكرى ، خاتىرجەم بولغىن ، ئىككىمىزنىڭ ئۈچىنچىسى اللەدۇر،

( يەنى بىزگە اللە ھەمراھتۇر ، قورقمىغىن ) – دېدى . "

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ . ( بۇخارىي ، "پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتى " دېگەن بابتا بايان قىلىنغان
ھەدىس )

مانا بۇ ھالەت دائىم اللەنى ياد ئېتىش ۋە اللەنىڭ ساقلىشى ۋە
ياردەم بېرىشىگە بولغان مۇتلەق ئىشەنچتىن ئۇرغۇپ چىققان
چەكسىز خاتىرجەملىكتۇر.

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قورقۇشى ئۆزى ئۈچۈن بولماستىن بەلكى رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە كاپىرلاردىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن قورققان . چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ، ، قوللىرىغا يالىڭاچلانغان قىلىچلارنى تۇتۇپ ، ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىغا چىقىشىنى كۈتۈپ قاتمۇ قات قورشاپ تۇرغان چەبدەس، مەرگەن يىگىتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان ھالەتتە چىقىپ كىتىشى ئۇلارنى كۈلكىگە قالدۇرغان ئىدى. ئاشۇ كىشلەرنىڭ بىرەرسى ئىككىيلەن يوشۇرۇنغان بۇ جايغا كېلىپ قالغۇدەك بولسا ،ئەبۇ بەكرىنىڭ ئەندىشىسىنى ئورۇنسىز دىگىلى بولمايتتى.

لېكىن الله قوغداشنى تەلەپ قىلغان كىشىنى قوغدايدۇ، ياردەم سورىغان كىشىگە ياردەم بىرىدۇ. دۇئا قىلغان كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ. اللەنى ئەسلىگەن كىشىنى خاتىرجەملىككە

ئېرىشتۈرىدۇ. ئىززەت – ھۆرمەت ئىزدىگەن كىشىنى ئىززەتلىك

قىلىدۇ. ئىشەنگەن ۋە تەۋەككۈل قىلغان كىشىنى مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستەمۇنداق بايان قىلىدۇ : "بىز دادام بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپەر لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلاپ قويدۇق . ئىككىسى مەككە تاغلىرىغا چىقىپ كەتكەندىن كىيىن ، كىشلەر ئىز قوغلاپ ،ئۇئىككىسى يوشۇرۇنۇۋالغان تاغقا يىتىپ باردى. دادام ئەبۇ بەكرى ئۆكۈر تەرەپكەقاراپ كىلىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ ، ـ ئى رەسۇلۇللا ،

ئۇبىزنى كۆرۈپ قالىدىغان بولدى. — دەپتۇ. رەسۇلۇللا:ـ ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ، پەرىشتىلەر قاناتلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن يۆگىۋالىدۇ، ـدەپتۇ . ئۇ ئادەم ئۈڭكۈر تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ تاھارەت قىپتۇ.

رەسۇلۇللا : ـ ئەگەر ئۇبىزنى كۆرگەن بولسا ، بۇنداق قىلمايتتى. — دەپتۇ. "(مۇھەممەد مۇنىر غەزبانىنىڭ "پەيغەمبەر تەرجىمھالىدىن ئۆرگۈنگەن ھەرىكەت يولى " ناملىق كىتابىنىڭ 172. بېتىدىن ئېلىندى. )

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ، ئومۇمەن ئىسلام ئالدىنقى سېپىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلار مەيلى اللەنىڭ شەرىئىتىنى چۈشىنىشتە بولسۇن ، مەيلى ئەمەلىي پائالىيەتتە ئىپادىلەشتە بولسۇن چىڭ تۇتسا، رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە بولغان ئەگىششىنى كۈچەيتىپ، پىلاننى پۇختا ، تەييارلىقنى ئەستايىدىل قىلسا ، ئۆزىدە بار تامامى كۈچ — قۇدرەتنى سەرپ قىلالىسا ، اللەدىن ياردەم سوراشتا خالىسانە بولسا ، اللەغا سەممىي تەۋەككۇل قىلسا ، ئۇلار ھەرگىزمۇ تامامى زېمىن ئەھلىنىڭ ھىيلە ـنەيرەڭلىرىدىن قورقۇپ قالمايتتى . ئۇلارنىڭ قورال — ياراقلىرىنىڭ ئىلغار ، سانى كۆپ ، تېخنىكىسى ئۈستۈن سايمان — ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يېڭى ۋە تۈرىنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرمايتتى. چۈنكى الله ئۇلار بىلەن بىللە.... اللەنىڭ تەدبىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ، توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. الله ھەممىدىن غالىب ، ھەممىدىن

كۈچلۈك ، اللەنىڭ قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس .

ئۇنىڭ ئۈستىگە الله ئۆز دوستلىرىدىن غەلىبە – نۇسرىتى ۋە

ياردىمىنى ئايىمايدۇ. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ : " شەك شۈبھىسىزكى ، بىز پەيغەمبىرىمىزگە ، مۆئمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان ) گۇۋاھچىلار ھازىر بولغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز . "(سۈرە غافىر 51.ئايەت )

اللەتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ : " غەلىبە اللەغا ، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە مەنسۇپ ، لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ اللەنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس ، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ) بىلمەيدۇ. "(سۈرە مۇنافىقۇن 8.ئايەتنىڭ بىر قىسمى )

شۇنىڭ ئۈچۈن اللەنىڭ  ياردىمىنى كۈتكۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۈمىدسىزلىنىشىگە ئورۇن يوق .

الله سۇبھانۇۋەتەئالانىڭ غەلىبە ئاتا قىلىشىنى كۈتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى خورلىشى ۋە بوشاڭلىق قىلىشىغا ئورۇن يوق.

بىز اللەنىڭ غەيرىدىن ئىززەت كۈتكەن ئادەمنى اللەنىڭ خار قىلىۋەتكىنىنى ، تەلەپ قىلىپ ئىزدەۋاتقان نەرسىسىدىن باشقاجايلارغا تاشلىۋىتىلگەنلىكىنى تالاي كۆردۇق.

اللەنىڭ شەرىئىتى ۋە قانۇنىدىن باشقا قانۇن – تۈزۈملەر

بىلەن ئىززەت – ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشنى ئويلىغان خەلقنى

اللەنىڭ قاتتىق خار – زەبۇن ، كۆزگە ئىلىنمايدىغان ۋە چۈپرەندە

قىلىپ قويغاندىن سىرت ، ئۇلار ئۇستىگە ئاچارچىلىق ۋە قورقۇنچ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ ، ۋەھىمە ئىچىدە قۇرت۔ قوڭغۇزلارچە كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىچارىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغىنىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق .

مۇشۇ نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا : اللەدىن ياردەم كۈتۈش ، سەممىي تەييارلىقى ياخشى بولغان ، تاقىتىدە باربولغان ھەممە نەرسىنى سەرپ قىلغان ، قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك سەۋرى بىلەن قورالانغان اللەغا ئىشەنگەن مۆئمىنىنىڭ كاپىرلارنىڭ ئۇستۈنلۈكتە تۇرۇپ ، كۆز قاماشتۇرغۇدەك چاقماق چېقىشلىرىدىن ئىشەنچىسى تەۋرەپ كېتىشىگە ھەرگىز بولمايدۇ.

بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ :" ئەگەر سىلەردە چىداملىق يۈز ئادەم بولىدىغان بولسا، ئىككى يۈز (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ، ئەگەر سىلەردە چىداملىق مىڭ ئادەم بولىدىغان بولسا، ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن ئىككى مىڭ (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ. ﷲ چىداملىقلار بىلەن بىللىدۇر."(سۈرە ئەنفال 66.ئايەتنىڭ بىر قىسمى )

بۇنداق دىگەنلىك يۈلىنىۋېلىش ۋە سەلبىيلىككە چاقىرىش بولماستىن ، بەلكى باشنى كۆتۈرىدىغان، ھىممەتنى ئاشۇرىدىغان ، ئىشەنچنى يېڭىلايدىغان روھلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ، تاقابىل تۇرۇشقا كۈچلۈك ياردەم بېرىدىغان بىناكارلىق ھەرىكىتىدە ئىززەت

– غەلىبىنى اللەدىنلا كۈتۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت.

چۈنكى ئۆزىنى مۇسۇلمان چاغلايدىغان، بىراق كۆزلىرى ئەما بولۇپ قالغان " ياق،ھەقىقەتەن كۆزلەر كور بولمايدۇ لېكىن

كۆكرەكلەردىكى قەلبلەركور بولىدۇ (يەنى ھەقىيقى كورلۇق كۆزنىڭ كورلىقى ئەمەس،دىلنىڭ كورلىقىدۇر كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ."(سۈرەھەج 46ـئايەتنىڭ بىر قىسمى)، ئىززەت

ھۆرمەتنى اللەدىن تەلەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا ئىززەت ۋە كۈچ –

قۇۋۋەت مەنبەلىرىنى غەربلىكلەر ۋە شەرقلىقلەرنىڭ مەنبەلىرىدىن ئىزدەپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن شاپاشلاپ يۈرىدىغان ئادەملەر كۆپىيىپ كەتكەن مۇشۇ ئەسىردە ئۇلارغا ئىززەت-غەلبىنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىش ھەقىقەتەن مۇھىم. مۇشۇ ھەقتە بىزگە مىننەتلىك ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بەرگەن الله ھەقىقەتەن راست دەيدۇ :"ئۇلار مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتىدۇ ، ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەت ۋە قۇدرەت تەلەپ قىلامدۇ؟(يەنى كاپىرلارنىڭ دوستلۇقىدىن ئىززەت ۋە غەلىبە تىلەمدۇ؟ ) ئىززەت ۋە قۇدرەتنىڭ ھەممىسى اللەغا خاستۇر . " (سۈرە نىسا 139.ئايەت ) ئىززەت ۋە غەلىبىگە اللەدىن باشقا ھېچكىم ئىگە بولالمايدۇ، ئۇنى بىراۋغا اللەدىن باشقا ھېچكىم ئىنئام قىلالمايدۇ.

رەسۇلىللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ھىجرىتىدىن ئۆرگۈنگەن دەرسلىكلەردە ئەڭ يارقىن ھالەتتە ئىپادىلەنگەن بۇ ئىسلامي ئۇقۇم بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ كۆپ سانلىقىدىن يوقالغان بولسىمۇ ، لېكىن خۇسۇسەن ئىسلام ئالدىنقى سەپلىرىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىسلام بايراقدارلىرىدىن يوقالماسلىقى ، ھەرىكەتنىڭ دەۋەتچىلىرى ۋە رەھبەرلىرى بىرىنچى بولۇپ مۇشۇ تەربىيىۋى پىرىنسىپقا كۆڭۈل بۆلۈشى ، ئۆزلىرىدە ئەستايىدىل ئەكىس ئەتتۈرۈشى لازىم . ئىككىنچىدىن : ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئوغلانلار تەربىيىسىدە بۇ نۇقتىنى چىڭ تۇتۇشى لازىم .

ئىززەتنى اللەدىن كۈتۈش ۋە اللەنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش ئاساسىدا يېتىلگەن بۇ ئەۋلادنى ئېزىتقۇ ئۆزگەرتكۈچىلەر،كۆزنى مەھلىيا قىلغۇچىلارقىلچەئۆزگەرتىۋىتەلمەيدۇ . مۇشۇ ئەۋلادلار

بارلىققا كەلگەن كۈنى ئۇلار قېرى – ياش مەيلى ئايال ياكى ئەر

بولسۇن كۈچ – قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ. اللەنىڭ غەلىبە ئاتا قىلىشى

بىلەن گۈللىنىدۇ ، رەھبەرلىكنى ياخشى ئېلىپ بارىدۇ، ئەدلى –

ئادالەتنى ئومۇملاشتۇرىدۇ. ئىلىمنى زېمىن ئەھلىنىڭ خەيرلىك ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ..... ۋاھاكازالار .

ئاشۇ سائەتنىڭ ئۆزىدە دۇنيا ئۇلارغا بوي سۇنىدۇ، ئۇلار ئالدىدا تاغۇتلار ئەرزىمەس چۈپرەندىلەرگە ئايلىنىدۇ ، زالىملارنىڭ چىرايلىرى ئۇلارغا تەلمۈرىدىغان بولىدۇ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان

قاراقچىلار– قانخورلار ئىنسانىيەتنىڭ قانلىرىنى شوراشتىن قول

ئۈزىدۇ.

# ئىككىنچى دەرس ئىسلام ـ پىكىر – مەزھەپلەر ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان مەيدان ئەمەس.

دىنىمىز ئەمەلىيەتچىل دىن بولۇپ ، كائىناتنى گۈللەندۈرۈش ، كائىناتنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ باشقۇرۇش،كائىنات ئەھلىنىڭ ئادالەت ، ھەقىقەت ۋە تىنچلىق سايىسىدا باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

دىنىمىز ھەرقايسى پىكىر مەزھەپلەر ، پىكىر ، ئەقىدە ياكى نەزىرىيە ئېقىملىرى ئۈچۈن قوچقار سوقۇشتۇرىدىغان مەيدان بولۇشنى مەقسەت قىلمايدۇ.

دىنىمىز ھەقىقەتەنمۇ ئىسلامنى ئەمەلىي بەرپا قىلىشنى ، ئۇنى رېئال دۇنيادا،كىشلەرتۇرمۇشىدا

تەدبىقلاشنى،ئىسلام تەلىماتى ۋە پىرىنسىپلىرىنىڭ كىشلەرنىڭ پائالىيەتلىرى،ھاياتى ۋە مۇئامىلىلىرىدە ئىپادىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، شۇنداقلا دۆلەت ئاپپاراتلىرى ، دۆلەتنىڭ قانۇن – تۈزۈملىرىنىڭ ئىسلام پىرىنسىپى ئىچىدە بولۇشنى شەرت قىلىدۇ.

ئەگەر ئىش يوقاردا بىز ئېيتقاندەك بولمىسا ، رەسۇلىللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم قاتتىق ياخشى كۆرىدىغان ، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدىغان مەككىدە جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە ئۇچرىماستىن ، ۋەتەندىن ئادا – جۇدا بولۇشنىڭ دەرت –

ئەلەملىرىنى تېتىماستىن داۋاملىق تۇرغان بولاتتى.

خۇسۇسەن (ئۆز ئىچىدىن بىرەر شائىر ياكى داڭلىق كىشى چىقسا ، ئالاھىدە پەخىرلىنىدىغان ) مەككە ئەھلى رەسۇلىللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم دەۋەت قىلغان يولنىڭ پىرىنسىپلىرىنىڭ ـ كىشلەرنىڭ مەسلەكلىرىنى ، ئىدىيىلىرىنى ،

ھاياتلىق نىزامىنى ۋە ئۆرپ – ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش

ئەمەس، پىكرى۔ مەزھەپ دەپ قارىغان بولسا ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ساھابىلارغا تارىختىكى ئېغىر ئازابلارنى سالمىغان ، قىيىن قىستاقلارغا ئالمىغان ، ئۇلارنى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن

يۇرتلىرى ۋە قوۋم – قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كىتىشكە

ھەرگىز مەجبۇرلىمىغان ، بەلكى كىلىشىپ ئۆتكەن بولاتتى.

مانا بۇ بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئىسلام ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئوغلانلارغا خاپىلىق ، مۇسىبەت ۋە مېھنەت قاتارلىقلارنى كەلتۈرىۋاتقان نىشانىنىڭ دەل ئۆزى، دەرسلىكنىڭ ئۆزىدۇر.

ئۇلار چەككەن ئازاب – ئوقۇبەت ۋە خاپىلىقلار ئۇلارنىڭ

ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقلىرى، ئىسلام شوئارلىرىنى توۋلىغانلىقلىرى ، ۋە ئىبادەتلىرىنى قىلغانلىقى ئۈچۈنلا بولماستىن ، بەلكى ھەقىقي

سەۋەب ئۇلارنىڭ ئىسلامنى قانۇن – دەپ بىلگەنلىكى ،

ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى بىردەك ئۆزئىچىگە ئالىدىغان ھاياتلىق نىزامى دەپ بىلگىنلىكى ئۈچۈندۇر. «(ئى ، مۇھەممەد ) ئېيتقىنكى ، مىنىڭ نامىزىم ، قۇربانلىقىم ، ھاياتىم ۋە

ماماتىم(دۇنياداقىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋەتائەت – ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر. » (سۈرە ئەنئام 163.ئايەت )
ئىسلام خوددى شەھىد ھەسەنۇل بەننا ئېيتقاندەك « دۆلەت ۋە ۋەتەن ، ھۆكۈمەت ۋە ئۈممەت ، شۇنداقلا ئەخلاق ۋە كۈچ ، رەھمەت ۋە ئادالەت سەقاپەت ۋە قانۇن ياكى ئىلىم ۋە ھۆكۈم ، شۇنداقلا

ماددا ۋە بايلىق ياكى كەسىپ ۋە بايلىق . ئۇ- جىھاد ، ئۇ – دەۋەت ،

ياكى پىكىر ۋە قوشۇن ، شۇنداقلا ئۇ،سەممىي ئەقىدە ۋە ساغلام ئىبادەت . ھەممىسى باپ باراۋەر ھالدا ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەتراپلىق ئىنتىزامغا ئايلىنالمىسا .» (ئىمام ھەسەنۇل بەننانىڭ «رىسالىلەر مەجمۇئەسى »390.بەت )
ئۇنداقتا بىز بۇدەرسلەردىن ھەرگىز پايدىلىنالمىغان بولىمىز ، بۇ دىن بىلەن ھەرگىز مەنپەئەتلىنەلمىگەن بولىمىز.
بۇ ئورۇندا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى بۇ سۆز پەقەت رەھبەرلەر،مەسئۇللارۋەھۆكۈمرانلارغىلا قارىتىلغان سۆز بولماستىن بەلكى خالايىقلارنىڭ ئام ۋە خاسلىرىغا ، ھۆكۈمدارلار ۋەمەسئۇللارغا ئوخشاش ،باپباراۋەر قارىتىلغان سۆز بولۇپ ھەر كىم ئۆز ئورنىغا

مەسئۇلىيىتىنىڭ چوڭ – كىچىكلىكىگە،قابىلىيەت ئىختىساس

دائىرىسىگە قارىتا مەسئۇلىيىتىدىن سۈرۈشتۈرۈلىدۇ ،"كىشىلەر پادىشاھلىرىنىڭ دىنى ئۈستىدە بولىدۇ "دېگەن سۆزنى دەستەك قىلىۋېلىپ ھۆكۈمرانلارنىڭ اللەنىڭ شەرىئىتىنى يۈرگۈزمەسلىكى بىلەن خالايىقلارنىڭ ئۆزى بىلگەنچە ياشاپ بۇزۇقچىلىق قىلىشىغا

يول يوق ھەرگىزىول قويۇلمايدۇ، مىلك — مىڭلاپ يول قويۇلمايدۇ .

ھۇزەيفەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان بىرھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :«سىلەر ، <خالايىقلار ياخشىلىق قىلسا ، ياخشىلىق قىلىمىز، ئەگەر زۇلۇم قىلسا ، زۇلۇم قىلىمىز .>دەيدىغان مەنپەئەتپەرەس بولماڭلار ، لېكىن ، كۆڭلۈڭلاردىن ئەگەر خالايىق ياخشىلىق قىلسا ، ياخشىلىق قىلىشقا ، يامانلىق قىلسا، زۇلۇم قىلماسلىقىقا ئورۇن بېرىڭلار . »دېگەن (ئىمام تىرمىزى ).

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام تەلىماتى ھۆكۈمرانلارنىڭ شەرىئەتنى ئىجرا قىلماسلىقى بىلەن مەسئۇلىيەتنى بولدى قىلىۋەتمەيدۇ ،

چۈنكى ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ، ئەدەب — ئەخلاق

نىزاملىرىنى ، قائىدە — پىرىنسىپلىرىنى ۋە تەلىماتلىرىنى شەخس

ئۆزى يالغۇز ئاشكارا ياكى مەخپىي ھالەتتە ئورۇندىيالمايدىغان بىر ھالەتتىدۇر .

ئەگەر بىر ئىنسان ئۆزىنى اللەنىڭ شەرىئىتىگە تەڭلەيدىغان بولسا ، ئۆزى مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدىغان ، ئەگەر سەممىي بولۇپ ھورۇنلۇق قىلمىسا زىيەن قويىسا ، ئەگىششتىن ئۆزىنى قاچۇرمىسا ، ھۆكۈمرانلارنىڭ اللەنىڭ شەرىئىتىنى يولغا قويمىغانلىقىدىن باھانە

— سەۋەب ئىزدىمىسە ، ، ئەلۋەتتە ئۆزى ئىجرا قىلالايدىغان كۆپ

تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

شۇنداقلا ھۆكۈمرانلارنىڭمۇ خەلقلەرنىڭ نادان ۋە بىپەرۋالىقى ، ئۇلارنىڭ قاتتىق بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى ، ئىسلاھات ئېلىپ

بېرىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوقلۇقىنى دەلىل (باھانە) قىلىپ ، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ، كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ غەزەپ ياغدۇرۇشى، بۇزغۇنچىلىقتا يول قويۇشى مۇۋاپىق بولمايدۇ. ئەگەر ئۇيۇقىرىقىدەك ئىشلارنى باھانە قىلىدىكەن ، مۇنداق دېگەن كىشى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ:« فىرئەۋن ئۆز قەۋمى ئىچىدە (پەخىرلەنگەن ھالدا) نىدا قىلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى، ئاستىمدىن ئېقىپ تۇرغان بۇ دەريالار مېنىڭ ئەمەسمۇ؟ (مېنىڭ بۇ بۈيۈكلۈكۈمنى) كۆرمەمسىلەر؟ بەلكى مەن ئوچۇق گەپ قىلالمايدىغان بۇ ئادەمدىن (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن) ياخشىمەن. نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا (ئاسماندىن ئالتۇن بىلەيزۈكلەر تاشلانمىدى؟ ياكى نېمىشقا (ئۇنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ بىلەن پەرىشتىلەر ھەمراھ بولۇپ كەلمىدى؟

فىرئەۋن قەۋمىنى گوللىغانلىقتىن، قەۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى.»(43.سۈرە 51.ئايەتتىن 54.ئايەتكىچە )

ھەدىس شەرىفتە : « يەتتە تۈرلۈك ئادەمگە الله قىيامەت كۈنى، اللەنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە بولمىغان كۈندە ئۆزسايىسىدىن سايە بېرىدۇ. ئۇلار :ئادىل پادىشاھ ، اللەنىڭ ئىبادىتىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ياش ... » دېيىلگەن . ( ئىمام ترمىزى، ئىمام بۇخارى ، مۇسلىم ، نەسائىي ، ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان )

ئويلاپ كۆرۈڭ، بۇ شەرەپكە نائىل بولىدىغان تۇنجى كىشى

يۇرتلارنى ئىسلاھ قىلىدىغان ، بەندىلەر ئوتتۇرىسىدا ئەدلى – ئادالەت بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئادىل پادىشاھتۇر.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ :« ھەقىقەتەن ئادىللىق قىلغۇچىلار قىيامەت كۈنى اللەنىڭ دەرگاھىدا ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇق ئىگىسى بولغان اللەنىڭ ئوڭ يېنىدىكى نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە بولىدۇ، بۇ كىشىلەر ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدا ، ئەھلى ئايالىرى ئارىسىدا ۋە ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسىلەردە ئادىللىق قىلغان كىشىلەردۇر. »دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمرانلار ھېچقانداق ئارتۇقچىلىق تەڭلىشەلمەيدىغان بۇ پەزىلەتتىن مەھرۇم قالماسلىقلىرى كېرەك . ھەم ئۆزى ۋە خەلقىگە قۇرئان كەرىمدە ئېيتىلغان«قەۋمى ئۇنىڭ(پىرئەۋن ) دىن قورقۇپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى ،ئۇنىڭ خاتالىقلىرىغا سۈكۈت قىلدى،ئۇنىڭ<مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى مېنىڭ ئەمەسمۇ ؟ > دېگەن سۆزلىرىگە گول بولۇپ كەتتى،ئۇلار بىزنى غەزەپلەندۈرگەچكە، ئۇلارنى بىز (ئەڭ قاتتىق جازا بىلەن) جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسنى (دېڭىزدا ) غەرق قىلدۇق. » دېگەن ئىشلارنىڭ يىتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئادىللىق قىلىشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

ئەگەر ئەدلى — ئادالەت بىلەن تولۇم ئىسلاھاتى دۇنيادا

ئەمەلگەئاشمىسا ، ئۇلار ئۇزاق قالماي قىيامەت كۈنى سوراققا تارتىلىش ئۈچۈن اللەنىڭ ئالدىدا توختىتىلىدۇ ،ئۆزلىرى ۋە پۇخرالىرى ئۈچۈن پەرۋەردىگارىغا بىر-بىرلەپ ھېساپ بېرىدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار ھەققىدە قىلغان" ئى االلەئەگەر بىر كىشىنى ئۈممىتىنىڭ ھوقۇق ئىشىدىن بىرەر نەرسىگەئىگە قىلساڭ ئۇ ئۇلارغا كۆيۈنگەن بولسا سەن ئۇنىڭغا شەپقەت قىلغىن ."دېگەن

دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ

تېخى يۇقارقىدىن كۆپ ۋە ئومۇمىي بولغان  ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش، قانۇن ئىجرا قىلىش ،تەلىم-تەربىيەنى ئومۇملاشتۇرۇش، كۈچ تەييارلاش ،ساقلىقنى ساقلاش ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ،بايلىقنى ئاشۇرۇش، مالنى قوغداش، ئەخلاقنى كۈچەيتىش ۋە دەۋەتنى تارقىتىش قاتارلىق.... ئىشلاردىن ھېساب ئالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن باشلىق ۋەخەلق بىلەن دىن رېئاللىقا، پائالىيەتلەر ئىبادەتكەئايلىنىدۇ. دىن بىلەن خەلق تۇرمۇشى ئوتتۇرىسىدا ئاجراملىق بولمىغاندەك ئۇلارنىڭ ھاياتى بىلەن دىن تەلىماتلىرى ئوتتۇرىسىداسۈركىلىش يوق ،

# ئۈچىنچى دەرس ئالدى بىلەن نەفسنى ياخشىلاش

ئاڭلىق دەۋەتچىگە نىسبەتەن ھەر دائىم ھەممە ئىشتىن بۇرۇن بىرىنچى بولۇپ دەۋەت قىلماقچى بولغان ئىشتا كىشىنىڭ روھىنى پاكلاشقا ، ئۇنى ياخشىلاشقا . ئۇنى ياخشىلىقنى سۆيۈپ يامانلىقنىڭ ھەر قانداقىدىن نەپرەتلىنىشكە ۋە ئۈچ كۆرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈش كېرەككى، نەفسنى ياخشىلاش:ھەممە ياخشىلىقنىڭ كىرىش ئېغىزى ،ھەر بىر مۇۋەپپىقىيەتلىك يولنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ ،ھەر ۋاقىت ئىنساننىڭ ئېرىشمىكى تەس ،باھاسى يۇقىرى بولغان، ئىنسانغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان سىناقتۇر،ئۈزۈلمەس ئىرادە ، بەلنى چىڭ باغلاش ، قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە مۇھتاجتۇر.

مانا بۇ نۇقتا مەككىگە كىلىپ ، ئەقەبە بەيئىتىدە ئۆزىگە ئەگەشكەن ئەنسارىيلار ئەلچىلىرىگەئىپادىلىگەن ، نەزىرىنى

قاراتقان — تۈزەشنى مەركەز قىلغان ئىش بولۇپ ، ئۇلار بىرىنچى

قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىدە  پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىپ ، تولۇق بىر يىل ئۆتكەندىن كىيىن ، بۇبىر يىلدا ئۇلارنىڭ روھى يۈكسىلىپ ، نەپسى     تازىلىنىپ ،قەلبى پاكلىنىپ ، ئىرادىسى چىڭىپ ، دەۋەتنىڭ يۈكلىرى ، خاپىلىقلىرى ، مۇشەققەتلىرى ۋە مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشقا لايىقلاشقان . ئۇلار دەۋەت مۇھتاج بولغان تەشكىلىي ئىشلارنى ئادا قىلىشقا بەيئەت قىلغان بولۇپ ، بۇ ئىشلارسىز دەۋەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مۇمكىن بولمايتتى.

بىرىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىنىڭ ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ: «مەن بىرىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشقان كىشىلەر ئىچىدە بار ئىدىم ، بىز 12نەپەر ئادەم ئىدۇق ، بىز رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە ئاياللار بەيئەت بەرگەندەك ، بەيئەت بەردۇق، يەنى اللەغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە ، ئوغرىلىق قىلماسلىققا ، زىنا قىلماسلىققا ، بالىلىرىمىزنى ئۆلتۈرمەسلىككە ، كىشىلەرگە بوھتان چاپلىماسلىققا ، ياخشى ئىشتا ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلماسلىققا بەيئەت قىلدۇق . ئۇ بىزگە،ـئەگەر بەرگەن ئەھدەڭلەرگە ۋاپا قىلساڭلار سىلەرگە جەننەت بار، ئەگەر يوقارقىلاردىن بىرەرسىدە خىيانەت قىلساڭلار ، ئۇئاشكارىلىنىپ قېلىپ بۇدۇنيادا ئۇنىڭ جازاسىنى تارتساڭلار ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن كاپارەت بولىدۇ. ئەگەرئۇ سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنگىچە ئاشكارىلانماي ، سىر پېتى قالغان بولسا ، سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلار اللەئەززە ۋە جەللىنىڭ ئالدىدا قالىدۇ، خالىسا ئازاب قىلىدۇ، خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ.»دەيدۇ. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى ، 2.قىسىم 433.بەت )

ئەمما تولۇق بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىدە :«ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا رەسۇلىللا سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ، كۆڭلىگە ياقىدىغان ئىشلار بولسۇن ياكى ياقمايدىغان ئىشلار بولسۇن ئىتائەت

قىلىشقا مەيلى قېيىنچىلىق ياكى ئاسانچىلىقتا بولسۇن ، پۇل –

ماللىرىنى چىقىم قىلىشقا ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، يامانلىقتىن توسۇشقا ، اللە بارىسىدا ھەق سۆزلەشكە، اللە توغرىسىدا تاپاـ مالامەت

قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىققا ، مەدىنىگە بارغاندا ئۇنىڭغا

ياردەم بىرىشكە ، ئۆزىنى خوتۇن — باللىرىنى قوغدىغاندەك

قوغداشقا بەرگەن ئەھدىسىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرسا ، ئۇلارغا جەننەت نىسىپ بولىدىغانلىقى» توغرىسىدا بەيئەت قىلغان .

مانا بۇ ھىجرەت دەرسى روھنى پاكلاشقا ئەڭ يۇقىرى غايىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ ، دەۋەت نۇرى پاك ۋە ساپ بولغان كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىدۇ. بۇ ئۇلۇغۋار روھقا ئىگە كىشىلەر اللەنىڭ دىنى ئۈچۈن جانلىرى ۋە ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى قۇربان قىلىدۇ، ھەق يولدا يەتكەن قىيىنچىلىقلار ۋە لەززەتلەر ئۇلارنىڭ قەدەملىرىنى ھەق يولدىن تەۋرىتەلمەيدۇ.بۇ دەرسلىككە سەل قاراش ، روھنى ھەر جەھەتتىن پاكلاشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك ، كۆڭۈلنى ئۆز مەيلىگە قويىۋېتىش ، بۇ ئۇممەتنىڭ كۆپ سانلىقى كۆڭۈل خاھىشىغا بېرىلىپ توغرا يولدىن ئازغان، ئۆزىگە خاس سالاھىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ، چېكىنىش ئازگاللىرىغا تاشلاپ ، لاي- پاتقاققا ملەپ قويىدۇ.

مۇشۇ دەرسلىككە سەل قاراش — روھنى ئىسلاھ قىلىشقا

بىپەرۋالىق قىلغانلىقتىن بۇ ئۇممەتنىڭ روھىي دۇنياسى ئوكتەي —

توكتەي بولۇپ كەتكەن ، ئۇلار خاتىرجەملىك ئورنىغا بىئاراملىققا پاتقان ، ئېشەك ھاڭرىسمۇ يۈرەكلىرى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىدىغان ، قورقۇپ ياكى قىزىقىپ ئېزىتقۇلارنىڭ ھەرقانداق

ئىش- ھەرىكىتىگە ئەگىشىدىغان ، ناخشا — ئۇسۇل ،

داپ-دۇمباقلىرىغا ئەل بولۇپ كەتكەن . دەۋرىمىز كىشىلىرى ئىنسانىيەت ئەۋرەزلىرىدىن ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جان تالاشماقتا.ئۇلارغا دۇنيا ئەھلى قاتارىدا ئالغا باسىدىغان، بوش ئورۇن تۇرسا ، يەنە دۇنيابويىچە ئارقىدا قالماقتا. قالاق ۋە كېسەل كۆرپىسى ئاتالماقتا ، ئالغا بېسىش ئۈچۈن يارىتىلغان قەدەملىرى داۋاملىق ئارقىغا قايتماقتا.

ئۇلار مۇۋەپپىقىيەتكە ، نىجادلىققا ئېرىشتۈرىدىغان ئاساسلارنى يوقىتىپ قويغانلىقى ، دۇنيا كىشىلىرىنىڭ خەيرىيەتلىرى ۋە مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بىرىلگەن لاياقىتى ، دەرىجىسىنى تۈگەشتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن،ئۇلاردىن ئۇلۇغۋارلىق نۇرلىرى ئۆچمەكتە. ئۇلار پەرۋاسىز ، ئېتىبارسىز قالماقتا . ئۇلار ئېغىر ئازاب

— ئوقۇبەتتە، مۇسىبەتتە خورلۇق ، كەمسىتىلىش ۋەتۈرلۈك زولۇم —

ستەملەرنىڭ تەمىنى تېتىماقتا.

خۇسۇسەن ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى بايراقدارنىڭ روھىنى پاكلاشتىن بەكرەك تەشكىلىي ئىشلارغا ئەھمىيەت بىرىشى ياكى پات- پات روھىنى ياخشىلاشقا سەل قاراشلىرى خەتەرلىك نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىشلاردۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەت ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەيدۇ، ئورۇنسىز چىقىملارنى تارتىدۇ، شۇنداقلا دەۋەت مۇھتاج بولىدىغان تەشكىلىي ئىشلار روھى پاكىز ھالدا اللەغا ئىبادەت قىلغۇچى ، ئىبادەتلەرنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىدىغان ، رەببىنى رازى قىلىشتىن باشقىنى ئىزدىمەيدىغان ، اللەنىڭ كەلىمىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، دەۋەت بايرىقىنى كۆتۈرۈش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا ھەقىقىي لاياقەتلىك

ئەسكەرنىڭ بولۇشغا موھتاج . سۈيۈندۈرىدىغان ، بەخت –

سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان نەفسى پاك كىشلەر بولمىسا، مۇۋەپپىقىيەت قازىنالمايدۇ ياكى مۇۋەپپىقىيەت ئۈزۈن داۋاملىشالمايدۇ.

# تۆتىنچى دەرس مۇئامىلىدە ئوچۇق – يورۇق بولۇش

ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتىدىكى قىممەتلىك ۋە مەنپەئەتلىك دەرسلەرنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى مۇسۇلمانلار ئارا مۇئامىلىلەردە ئوچۇق ۋە ئېنىق بولۇش كېرەكلىكى بولۇپ ، ئىجدىمائىي ئالاقىلەر بولسۇن ياكى ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەر بولسۇن ، مۇسۇلمان ئۈممەتكە نىسبەتەن مۇئامىلىلەر چوقۇم الله ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى ۋە ئاشۇ شەرىئەتنى مەنبە قىلغان بولۇشى كېرەك .

مۇئامىلىدە ئوچۇق بولۇش – بۈيۈك نەمۇنىلەرنى نامايەن قىلىدۇ،

كىشىلىك دۇنياسىغا جانلىق ئۈلگىلەرنى تەقدىم ئېتىدۇ، پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرىگە بۇ دىنىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ، رېئاللىقنى چىقىش قىلىدىغان ئەمىلىيەتچىل دىن ئىكەنلىكىنى

شۇنداقلا بۇ دىنىنىڭ زامان – ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرىماستىن ،

پۈتۈن دۇنيا- پۈتۈن ئالەمگە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بىز مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا «ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ئوچۇق بولۇش» نىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. چۈنكى بۇ

ھىجرەت دەرسلىكىدە « ئوچۇق – يورۇق بولۇش » تىن ئىبارەت بۇ

مۇھىم نوقتا جانلىق ۋە ھەرىكەتچان دەرس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا

قويۇلغان . ھەم بۇ نۇقتا كىشلەر نەزىرىدىكى ئەڭ موھىم تەرەپ بولغانلىقى ھەم كىشلەر ئارىسىدا بۇ تەرەپ ياخشىلانسا ، ئۇلارنىمۇ ، باشقىلارنىمۇ ياخشىلاپ كىتىشنىڭ ئاسانغا توختايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىزگە ئۆگەتكەندەك ، بىزمۇبىرلىك ، ئۆملۈك ، ئىناق — ئىتتىپاقلىقتا چاقرىپ بۇ چاقرىقنى ئىنسانىيەتنى

بەخت — سائادەتكە ، ئىنسانىي شان — شەرەپكە ئىگە قىلىشتىكى

بۈيۈك نىشانلارغا يەتكۈزىدىغان يول قىلغان بۇ كاتتا دىنىنىڭ

ئەگەشكۈچىلىرى ئارا، مۇسۇلمانلار ئارا مال — دۇنيا سەۋەبلىك،

ئىقتىسادىي ماجرا سەۋەبلىك ئاداۋەت پەيدا بولۇش ، قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈپ قويۇش ، بۆلۈنمىچىلىك پەيدا بولۇشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك.

ئاشۇنداق بولۇشى : كىشلەر ئېپتقاندەك «مال دۇنيا — ھاياتلىقنىڭ يىلتىزى، دۇنيا ھاياتىنىڭ ئىككى زىننىتىنىڭ بىرى (ماللار ، ئوغۇللار دۇنيا ھاياتىنىڭ زىننىتىدۇر.)»ھىسابلىنىدۇ. ( سۈرە كەھف 46.ئايەتنىڭ بىر قىسمى )

چۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ تەبئىي ئېڭىغا مال — دۇنيانى دوست تۇتۇش ۋە ئىگە بولۇش ھىسسىياتى سىڭىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە « مالنى ھېرىسمەنلىك بىلەن ناھايىتى دوست تۇتىسلەر . » (سۈرە فەجىر 20.ئايەت) دېيىلگەن .

ئىنسانىيەتتىكى بۇ خىل ھېسسىيات ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بۇ توغرىدا : « ئەگەر ئادەم بالىسىغا بىر جىلغا ئالتۇن بېرىلسە ، ئىككىنچى بىر جىلغا ئالتۇنى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەگەر ئىككى جىلغا ئالتۇن بېرىلسە، ئۈچ جىلغا ئالتۇنى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئادەم بالىسىنىڭ نەپسىنى تۇپراقتىن باشقا نەرسە توشقۇزالمايدۇ، الله تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.» دېگەن . ( ئىمام بۇخارى ، تىرمىزى ۋە دارىمىي قاتارلىقلار رىۋايىتى )

مال – دۇنيا ۋە باشقا نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈش ۋە بۇ نەرسىلەرگە ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىنتىلىش الله ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن تەبىئىي قانۇنىيەت بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ھاياتلىق داۋاملىشىدۇ، كائىنات ئاۋاتلىشىدۇ، ئۆمۈر مەنزىلىدە ھېرىپ چارچاش بولمايدۇ . لېكىن بۇ ھېرىسمەنلىك ئىلاھىي ۋەھيي ئارقىلىق كونترول قىلىنىدۇ، ۋە قانۇن – تۈزۈم بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ، ئىنسان بۇ ھېرىسمەنلىكتە چېكىدىن ئاشمىسا ، مەيلى مال – دۇنيانى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە بولسۇن ياكى يىغىپ ساقلاش جەھەتتە بولسۇن ، ياكى قانداق چىقىم قىلىش جەھەتتە بولسۇن ، ئۆزىنى ۋە پىسخىكىسىنى ياراتقۇچى بولغان اللەنىڭ تۈزۈم – پرىنسىپلىرىدىن چىقىپ كەتمىسە ، كايىشقا ئۇچرىمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام بۇ تەرەپكە قاتتىق ئەھمىيەت بەردى ۋە كۆڭۈل بۆلدى.

بۇ يارقىن نوقتا اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ھەرىكىتى ياكى سۈننىتىدە ، شۇنداقلا ھىجرەت دەرسلىرىدە ئېنىق ئىپادىلەندى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:« ئاتام ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاغا ، ـئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى ، ئۆزلىرىنىڭ ھىجرەت قىلىشلىرىغا رۇخسەت بېرىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، بۇ ئىككى تۆگىنى تەييارلاپ قويغان ئىدىم ،ـدەپ ئىككى تۆگىنىڭ ئالاھىدىرەك بىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ ،

ـ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئاتا – ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن ، بۇ

تۆگىگە مىنسىلە ، ـدەيدۇ ، رەسۇلۇللا : ـ ئى ئەبۇ بەكرى ، مەن سېنىڭ تۆگەڭگە ، يەنى مېنىڭ بولمىغان تۆگىگە مىنەلمەيمەن ،

ـدېگەندە، ئەبۇ بەكرى : ـ ئاتا – ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن ، ئى

اللەنىڭ پەيغەمبىرى،ئۇتۆگە سىلىنىڭ ، ـدەيدۇ ، رەسۇلۇللا : ـ ياق، ئۇ تۆگىنى نەچچە پۇلغا سېتىۋالدىڭ ؟ ـدەپ سورايدۇ. ئەبۇ بەكرى: ـ مۇنداق ، مۇنداق پۇلغا سېتىۋالدىم ، ـدەيدۇ، رەسۇلۇللا : ـ مەن ئۇنى سەن سېتىۋالغان پۇلغا قوبۇل قىلدىم . ( يەنى تۆگىنىڭ پۇلىنى بېرىمەن ) ، ـدەيدۇ، ئەبۇ بەكرى : ئى رەسۇلۇللا ، قوشۇلدۇم ، ئۇتۆگە سىنىڭ بولسۇن ، دەيدۇ. ۋە ئىككىسى تۆگىگە مىنىپ ھىجرەتكە يۈرۈپ كېتىدۇ.... »(مۇھەممەد مۇنىر)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ بۇ ئىشتا شۇنچىۋالا ئىنچىكە مۇئامىلە قىلىشى مۇۋاپىقمۇ؟ ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭ دوستى ، كىشىلەرنىڭ ئەڭ سېخىلىرىدىن تۇرسا ، ئەبۇ بەكرىگە نىسبەتەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمدىن پۇلىنى ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك نەرسە بولمىسا، يەنە كېلىپ ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ رەسۇلۇللاغا ئاتا- ئانىسىنى ، ياق جېنىنى پىدا قىلغان

تۇرسا ... كىشلەر ئېتىقادىدەك « دوستلار ئۇتتۇرىسىدا ھېساب – كىتاب يوق.» تۇرسا، نىمدەپ كىچىككىنە بىرئىشتا ئېنچىكىلەپ تۇرىۋالىدۇ؟!

بەلكى ئۇ ئۇممەتكە قانۇن – شەرىئەتنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ،

، تەلىم – تەربىيە بېرىش ئۈچۈن ، بەلكى ئۇ ئويغىنىۋاتقان ئىسلام

ياشلىرىغا ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن ، پۈتۈن دۇنيا كىشلىرىگە ئوچۇق ۋە روشەنلىككە ئىگە ئاڭلىق ۋە ئەمىلىيەتچان نامۇنىچى بولۇش ئۈچۈن ..... بەلكى ئۇ بىرلىك سەپىنى چىڭ تۇتۇش ، جەمىيەت قۇرۇلۇشىدىكى بىنانىڭ خىشلىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ، ئۇلارنى مال

–دۇنيانىڭ يامانلىقلىرىدىن قوغداش ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ مال

–دۇنيا توغرىسىدا يامان مۇئامىلىلەرگە دۇچ كىلىپ قېلىشىنىڭ

ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، مال– دۇنيا سەۋەبلىك ، كۆتۈلمىگەن

يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى.

پەقەت بۇ بىرمىساللا ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە يىتىپ بېرىپ، بۇگۈنكى « پەيغەمبەر مەسجىدى »دىگەن جايدا تۆگىسى يېتىۋالغاندا نىمە قىلغان ؟

سەھىھۇل بۇخارىدا مۇنداق بايان قىلىنغان : پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ (ھازىرقى مەسچىتنىڭ ئورنىغا )بارغاندا ، ئەسئەت ئىبنى زۇرارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەربىيىسىدىكى سەھلى ۋە سۇھەيل ئىسىملىك ئىككى يېتىم بالىنىڭ خورمىزارلىقى بولۇپ،تۆگە چۆكۈۋېلىپ قوپقىلى ئۇنىمىغاندا ، رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم : « الله خالىسا ، بۇيەر بىزنىڭ مەنزىلىمىز بولىدۇ. » دىدى ۋە ئۇئىككى يېتىم بالىنى چاقىرتىپ ، ـ خورمىزارلىقڭلاردا مەسچىت بىنا قىلماقچىمىز ، بۇيەرنى بىزگە سېتىپ بىرىڭلار، قىنى باھا قويۇڭلار . » دەيدۇ ، باللار : « ـئى رەسۇلۇللا ، بىز بۇ باغنى پۇلغا ساتمايمىز ، بەلكى ئۇنى ئۆزلىرىگە سوۋغا قىلىمىز . » دىيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئۇلارنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلماي، پۇلغا سېتىۋالدى. ( بۇخارى)

مانا بۇدەرس بۈگۈنكى زاماندىكى ئىسلام يولىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بايراقدار ياشلار ئېسىدە چىڭ تۇتۇشقا تىگىشلىك بولغان ، ئەھمىيەتلىك دەرستۇر.

چۈنكى تولۇق ياخشى نىيەتلەر ۋە قېرىنداشلىقنىڭ بۈيۈك ئىشەنچىگە تايىنىپ باشلانغان مۇئامىلىلەر مۇشۇ دەرسنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانلىقى ، شەرئەت بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ياكى ئۆز بېشىمچىلىق قىلغانلىقتىن ، ناھايىتى تىزلىكتە قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەت يوللىرى تاقالدى، پىتنە – پاسادلار يۈز بەردى، بۇھال

ئاستا – ئاستا رىشتە ئالاقىسىنى ئۈزۈشكە، بەلكى چىقىشالمىغۇدەك

ئۆچ – ئاداۋەتكە ئېلىپ باردى ئەمەسمۇ؟!!

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا جان جىگەر قېرىنداشلار ،

جاننى پىدا قىلىشقا ئەرزىيدىغان دوست – بۇرادەرلەر ئارىسىدا

بولغان مۇئامىلىلەردە خەت – چەك قىلىپ قويۇشىمىز،

گۇۋاھچىلارنى ھازىر قىلىشىمىز ھەرگىز ئەيىپلەيدىغان ئەيىپلىك ئىش ئەمەس، بەلكى شەرىئەت قانۇنى (تۈزۈمى ) ۋە بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغانلىقتۇر. بەندىلەرنىڭ دىللىرىدىكىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ۋە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچى ھەممىدىن خەۋەردار بۈيۈك پەرۋەردىگارىمىز الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : « ئى مۆئمىنلەر ، مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز بىرىشسەڭلار، ، ئۇنى ھۆججەت قىلىپ يېزىپ قويۇڭلار، ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان

كىشى ئۇنى (كەم –زىيادە قىلماي) ئادىللىق بىلەن يازسۇن، خەت

بىلىدىغان كىشى (الله ئۇنىڭغا بىلدۈرگەندەك توغرىلىق بىلەن يېزىشنى ) رەت قىلمىسۇن، ئۇ يازسۇن ، زىممىسىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان كىشى ( يازدۇرىدىغان كىشىگە) ئېيتىپ بەرسۇن، (قەرزدار) پەرۋەردىگارى اللەدىن قورقسۇن،قەرز ئالغان نەرسىدىن ھېچ نىمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن، ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم ئەخمەق ( يەنى خۇدبىن ، ئەقىلسىز ياكى ئىسراپخور ) ياكى ئاجىز ( يەنى كىچىك بالا ياكى بەكمۇ قېرى ) بولسا ياكى ( گەپ قىلالماسلىقى ، گاچىلىقى ، كېكەچلىكى تۈپەيلىدىن ) ئۆزى ئېيتىپ بىرەلمىسە ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادەم ئادىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرسۇن، سىلەر ئەركىشىدىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، ئەگەر ئىككى ئەر كىشىنى تاپالمىساڭلار ( ئادالىتىگە ،

دىيانىتىگە رازى بولىدىغان ) بىر ئەر ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار ، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرى ئۇنتۇپ قالسا ،ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ، گۇۋاھچىلار ( گۇۋاھلىققا ) چاقىرىلغان ۋاقتىدا ، ( گۇۋاھ بولۇشتىن ) باش تارمىسۇن ، قەرز مەيلى ئاز بولسۇن ، مەيلى جىق بولسۇن ، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ۋاقتى بىلەن قوشۇپ يېزىشتىن ئېرىنمەڭلار، اللەنىڭ نەزىرىدە ( يەنى ھۆكۈمىدە ) بۇ ئەڭ ئادىللىق ۋە ئىسپاتلىقتۇر، ( يەنى گۇۋاھلىقنىڭ ئۇنتۇلماسلىقنى ئەڭ ئىسپاتلىغۇچىدۇر.)گۇمانلانماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر،لېكىن ئاراڭلاردا قىلىشقان قولمۇقول سودىدا ھۆججەت يازمىساڭلارمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئۆزئارا سودا قىلىشقان ۋاقتىڭلاردا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار ، پۈتۈكچىگىمۇ ، گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن، ئەگەر زىيان يەتكۈزسەڭلار، گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىسىلەر، اللەنىڭ ئەمرىگە ۋە نەھيىسىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىڭلار . الله سىلەرگە ئۆگىتىدۇ ،( يەنى سىلەرگە ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان بىلىمنى بېرىدۇ. )الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر . ( سۈرە بەقەرە 282.ئايەت )

نىيەتنىڭ ياخشى بولغانلىقى ، قېرىنداشلىق ئىشەنچى كاتتا بولغانلىقى ، مېھرى – مۇھەببەتنىڭ تولۇق ۋايىغا يەتكەنلىكى مۇئامىلىنىڭ ئىسلامچە بولۇشىدىن چەكلەپ قويمىسۇن.

تىجارەتلىرىمىز ، ئىلىم – سېتىملىرىمىز ،( قەرز ) ئېلىش-بېرىشلىرىمىز ، ئىقتىسادىي مۇئامىلىمىزنىڭ ھەرقانداق كۆرۈنۈشلىرى ، پايدا ۋە زىيانلىرى ، مەيلى ئۆز ئارىمىزدا بولسۇن ، قېرىنداشلىرىمىز

ئارىسىدا بولسۇن، ياكى بىز بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدا بولسۇن، ئوچۇق بولغىنى ، ئېنىق بولغىنى ھەرگىز ئەيىپ ئەمەس ، بەلكى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قانۇنى ۋە بۇ قانۇننى ئىجرا قىلغانلىقتۇر. بىزنىڭ بەزىلەرئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ھەق ئېلىشىمىز ياكى ئۇلارنىڭ بىزگە قىلىپ بەرگەن ئىشلىرى ئۈچۈن ھەق ئېلىشى ياكى تەلەپ قىلىشى ئەيىپ ئەمەس ، بەلكى شەرئىي بەلگىلىمە ۋە بۇ بەلگىلىمنى ئىجرا قىلغانلىقتۇر. بۇ ھەقتە ۋەھىي قىلىنغاندىن باشقىنى سۆزلىمەيدىغان ، ئۆزرايى بويىچە گەپ قىلمايدىغان رەسۇلىللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دەيدۇ : « ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بار، قىيامەت كۈنى مەن ئۇلارنىڭ دەۋاگىرى بولىمەن .... بىر ئادەم بىرئىشلەمچىنى ئىشقا ياللىدى ، ئاندىن تولۇق ئىشلەتتى ، ئاندىن ئىش ھەققىنى بەرمىدى، مەن قىيامەت كۈنى  بۇئادەمنىڭ دەۋاگىرى بولىمەن ......» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋاگىرى بولىدىغان بۇ ھەق قانچىلىك ھەق ؟!! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم دەۋاگىرى بولغۇدەك

بۇئىش قانچىلىك ئىش – ھە؟!!

كۆڭۈلنىڭ ، نىيەتنىڭ ياخشى بولغانلىقى ، قېرىنداشلىق

ئىشەنچىنىڭ كاتتا بولغانلىقى ، مېھرى – مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇر

بولغانلىقى مۇئامىلىنىڭ ئىسلامچە بولۇشىنى چەكلەپ قويمىسۇن.....

ئەيىپ ئەمەس .... ھەرگىز ئەيىپ ئەمەس !!!

بىز نىيەتنى ياخشى قىلىشتا ، قېرىنداشلىق رىشتىسىنى

چىڭىتىشتا ، ئارىمىزدىكى مېھرى – مۇھەببەتنى كۈچەيتىشتە ،

مۇئامىلىلەرنى ئىسلام تەلىملىرى بويىچە ئېلىپ بېرىشتا ، نەزىرىمىزنى ئوچۇقلاشتۇرۇشتا ،ئىختىلاپ ۋە نىزالاردىن ساقلىنىشتاپەيغەمبىرىمىزنىڭ بۈيۈك ھىجرىتى جەريانىدا بىزگە ئۆگەتكەن ھىجرەت دەرسىدىن تولۇق پايدىلىنالمساق ، ئىسلام دۆلىتىنى مۇستەھكەم ئاساس ئۈستىگە قۇرۇپ چىقالمايمىز ، ئۆملۈك ۋە ئىناق- ئىتتىپاقلىق ئۇرۇقىنى جەمىيەت پەرزەنتلىرى ئارىسىغا چاچالمايمىز ، ئۈندۈرۈشتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدۇ.

# بەشىنچى دەرس خۇش بىشارەت بىرىش ، چۆچۈتۈۋەتمەسلىك توغرىسىدا

مۇسۇلمانلار ، ئۇمۇمەن الله تەرەپكە دەۋەت قىلغۇچىلار خۇش خەۋەر بەرگۈچى، خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى ، كىشىلەرگە ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىلەردىن بولۇشى كېرەككى ، ھەرگىزمۇ كىشىلەرگە قورقاق سېلىپ چۆچۈتۈۋەتمەسلىكى، ، ئىشلارنى قىيىنلاشتۇرىۋەتمەسلىكى ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا اللەنىڭ پەزلىنى ۋەدە قىلىشى ، يامانلىقلىرىدىن تەۋبە قىلغۇچىلارغا اللەنىڭ ئەپۇ- مەغپىرەت دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بىرىشى لازىم . چۈنكى قۇياش نۇرىنى ئېتەك بىلەن توسۇپ قالغىلى بولمىغىنىدەك ،

اللەنىڭ پەزلىنى ھېچكىم يۆگىۋالالمايدۇ، الەنىڭ ئەپۇ – مەغپىرىتىگە

اللەدىن باشقا ھېچكىم ئىگە بولالمايدۇ. اللەنىڭ رەھمەت دەرۋازىلىرىنى ھېچكىم ئىتىۋالالمايدۇ.

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرىنچى قېتىملىق ئەقە بەيئىتىنىڭ ماددىلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كىيىن ، رەسۇلىللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ : « ئەگەر بەرگەن ئەھدەڭلەرگە ۋاپا قىلساڭلار ، سىلەرگە جەننەت بار ، ئەگەر يوقارقىلاردىن بىرەرسىدە خىيانەت قىلساڭلار ، ئۇ ئاشكارىلىنىپ قېلىپ ، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ جازاسىغا تارتىلساڭلار، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن كاپارەت بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئاشكارىلانماي، قىۋامەت كۈنىگىچە سىر پېتى قالغان بولسا ، سىلەرنىڭ ئىشىڭلار اللەئەززە ۋەجەللىنىڭ ئالدىدا قالىدۇ، ئۇخالىسا ئازاب ، قىلىدۇ،

خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ. » (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى 2.قىسىم 433.بەت )

بۇ نىمە دىگەن كاتتا پەيغەمبەر – ھە!!!

بۇ نىمە دىگەن كەڭچىل دىن-ھە!!!

«ئەگەر يوقارقىلاردىن بىرەرسىدە خىيانەت قىلساڭلار ، سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلار اللەنىڭ ئالدىدا قالىدۇ. »

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشىم، سىز بۇ ئورۇندىكى « يوقارقىلاردىن بىرەرسىدە » دىگەن ئىشارەتنى ئويلاپ كۆرىدىغان بولسىڭىز ، بۇ ئىشارەت كىچىك گۇناھلارنى كۆرسەتمەستىن ، اللەنىڭ ھەبىبى رەسۇلللا سەلللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئەھۋال شۇنداق ئېغىر تۇرسىمۇ « سىلەرنىڭ ئىشىڭلار اللەنىڭ ئالدىدا قالىدۇ، ئەگەر ئۇخالىسا ئازاب سالىدۇ ، خالىسا كەچۈرۈم قىلىدۇ. » دەۋاتىدۇ. ،خوش، اللغا بەرگەن ئەھدىسىگە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن بەيئىتىگە ۋاپا قىلغان كىشىلەرگە اللەنىڭ

پەزلى – ياخشىلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بىرىدۇ، ئەھدىسىگە

خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ھەم الەنىڭ ئەپۇ – مەغپىرىتى بىلەن خۇش

خەۋەر بىرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تەھدىت سالمىدى، قورقۇتۇپمۇئولتۇرمىدى.

بولغۇسى يامانلىقلارنى يوغىنىتىپ كۆككە سورىمىدى ، داۋراڭ

سېلىپ كۆپۈك ئۆرلەتمىدى ، چاڭ – توزان ، بۇس – بۇخۇناق پەيدا

قىلمىدى.

اللەنىڭ پەيغەمبىرى ( ئۇنىڭغا اللەنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن. ) ئۇنداق قىلىشتىن مۇستەسنادۇر ، ئەلۋەتتە ! بەلكى ئاگلىغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ باتىنىي ئىشلارنى بىلەلمىگەنلىكى ، ئادالەت ۋە پەزىلەتنىڭ ئاچقۇچلىرىنى قولىغا ئالغان كىشى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويىدى.

ھەرگىزمۇ«يۇقارقىلاردىن بىرەرسىدە خىيانەت قىلغان كىشىلەر بىزنىڭ دەۋىتىمىزدىن ئايرىلسۇن، بىزنىڭ يولىمىزدىن باشقا يوللارغا ئەگەشسۇن، ئۇنداق ئادەملەر بىزنىڭ سەپلىرىمىزگە قوشۇلۇشقايارىمايدۇ . »دېگەندەك ئادەمنى سۇر باسىدىغان ، ھەيۋەتلىك ، دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلمىدى.

خۇلاسە قىلغاندا ، يائۇنداق ، يا مۇنداق سۆزلەرنى قىلماستىن ،

بەلكى ئۇلۇغۋار دەئۋەتچىدە بولۇشقا تېگىشلىك دەۋەتنىڭ ئەدەب —

ئەخلاقىنى نامايەن قىلدى . دەۋەتنىڭ كەڭچىل ئۇسلۇبىنى ئۇقتۇردى. شۇنداقلا ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاچقۇچىنىڭ پەقەت جانابىي اللەنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى روشەن ئىپادىلىدى.

مانا بۇ مۇبارەك ئىسلامىيەتنىڭ ئويغىنىۋاتقان ئاگلىق ياشلىرى ئىسدە چىڭ تۇتۇش ۋاجىب بولغان دەرسلىكتۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ بىربۆلۈكى كىشىلەرنى اللەغا ئىتائەت قىلدۇرۇشتا ، پەقەت اللەنىڭ ئازابىدىن قورقۇتۇش ۋە چۆچۈتۈشنىلا تۇتقا قىلىۋېلىپ ، ئۆزلىرىگە ۋە باشقىلارغا قوپاللىق ۋە قاتىقلىقنى ھاياتلىق ۋە توغرا يولدىكى ئۇسلۇب ۋە مىنھەج قىلىۋاتىدۇ.

اللەنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمنى ۋاراقلاپ باققان كىشى

مۇشۇ دەرسنى قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق ۋە ئېنىق كۆرىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە رەھمەت ئايەتلىرى ئازاب ئايەتلىرىدىن كۆپ، بىشارەت ئايەتلىرى قورقىتىش ،ئاگاھلاندۇرۇش ئايەتلىرىدىن كۆپ . بەلكى قانداق جايدا ئازابقا دائىر ئايەتلەر كىلىدىكەن ، ئارقىدىنلا ياكى يېقىندىلا رەھمەت ئايەتلىرى كىلىدۇ. كىملەركى بۇنىڭدىن باشقا ئۇسلۇب قوللىنىدىكەن ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم قىلغاندىن باشقىچە قىلىدىكەن ، ئۇ اللەنىڭ شەرىئىتىگە خىلاپلىق قىلغان ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ سۈننىتىدىن يىراقلاشقان ، بۇ دىنىنىڭ

كەڭچىلىكىگە سەل قارىغان ، دەۋەتنىڭ ئەدەب — ئەخلاقىنى

خۇنۇكلەشتۈرگەن بولىدۇ.

يەنە شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى ، دەۋەتچى ھەددىدىن زىيادە يۇمشاقباش ، ئاسانلاشتۇرغۇچى، ئاددىيلاشتۇرغۇچى ، ۋە بىشارەتچى بولۇپ كىتىپ كىشىلەر اللەغا تىل تەگكۈزۈشكە ، اللەنىڭ ھودۇد بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىشقا، يەنى ھۆكۈملەرنى بەرپا قىلىشتىن باش چايقاشقا سەۋەبچى بولۇشقا يول قويۇلمايدۇ. ئۇ پائالىيەتلىرى ، مەسلەكلىرى، پىكىر-تەپەككۇرى، ۋە ئىبادەتلىرىدە ئۆلچەملىك ۋە نورمال بولۇشى ، اللەنىڭ ئازابىدىن قورقۇش بىلەن اللەنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتۋار بولۇشى كېرەك.

شۇنداقلا بۇ ئۇلۇغ دىنىنىڭ پىرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئۇنىڭغا دەئۋەت قىلىشتا مۇكەممەل بولغان كۆرنۈشنى،

سۈرەتنى تەقدىم ئىتىشى ، قورقۇتۇش ۋە ئازاب — جازا تەرەپلىرىنى

ئوتتۇرىغا قويماستىن ، ، ئازاب كۆرنۈشلىرى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرىنىلا

ئۇتتۇرىغا قويماستىن بەلكى ھەر ئىككىلىسىنى تەڭ ئوتتۇرىغا قويۇشى ، بىر تەرەپنى بەك تەكىتلەپ، ، يەنە بىر تەرەپنى بوش قالدۇرماسلىقى ، بىر تەرەپنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ ، بىر تەرەپكە سەل قارىماسلىقى ، بەلكى نورمال ، ئامىباب، ئەتراپلىق ئۇسۇللار ۋە ئۇسلۇبلارنى قوللىنىشى ، ئاندىن نەتىجىنى اللەغا قالدۇرۇشى لازىم .

# 6.دەرس دەۋەتكە كىرەكلىك

## ياخشى مۇھىت ئىزدەشنىڭ زۆرۈرلىكى

ئۆزىنىڭ دەۋەت ئىلىپ بىرىشى ئۈچۈن ، ئۆزى تۇرىۋاتقان مۇھىتنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ، دەۋەتكە مۇناسىپ بوشلۇقنىڭ يوقلۇقىنى ، شەخسلەرنىڭ دەۋەتنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن دەۋەتچى دەۋەت ئىلىپ بىرىشقا يارايدىغان باشقا مۇھىت، بوشلۇق ۋە قوبۇل قىلىدىغان كىشىلەرنى ئىزدىشى ، اللە ئەززەۋەجەللىنىڭ«پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا )

ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا، ياخشى ۋەز – نەسىھەت بىلەن دەۋەت

قىلغىن ، ئۇلار( يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار )بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. » (16.سۈرە 125.ئايەتنىڭ بىر قىسمى ) دىگەن بۇيرۇقىغا ئاساسەن اللەدىن ياردەم سورىغان ھالدا دەۋەت مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئىلىشى، دەۋەتنى تارقىتىش ، باشقىلارغا ئىسلامنى قوبۇل قىلدۇرۇشتىن قول ئۈزمەسلىكى، دەۋەت يولى ئارقىلىق قولغا كىلىدىغان اللەنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن يۈز ئۆرىمەسلىكى ، دەۋەتنىڭ نەتىجىسى ۋە مۇۋەپپىقىيىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى لازىم . چۈنكى بۇخىلدىكى دەۋەتچى خۇسۇسەن ، دەۋەتكە كىرەكلىك بولغان ياخشى مۇھىتنىڭ قەيەردىلىكى ، دەۋەتكە مۇناسىپ ياخشى بوشلۇقنىڭ قەيەردىلىكى ، اللە ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن پات ئارىدا قەلبلىرىنى ئېچىۋىتىدىغان شەخسلەرنىڭ كىملىكى... قاتارلىقلارنى ئەسلا بىلمەيدۇ. ئەگەر ئويلىغاندەك مۇھىت ۋە شەخسلەر بولسا ، بۇ

دەۋەتچى ئۇلارغا مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ ، ئۇلار بىلەنلا بولۇپ، مۇۋەپپىقىيەت قازىنىپ كەتكەن بولاتتى.

لېكىن بارلىق ئىشلار ئۇنداق بولمايدۇ. ئىشلار ئىلگىرى –

كىيىن اللهغا خاستۇر . ئەگەر ئىش ئاشۇنداق بولمىغان بولسا اللهنىڭ پەيغەمبىرى (ئۇنىڭغا اللهنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن) ھەرگىزمۇ ھىدايەتكە ئېرىشىپ ، ئىمان ئېيتىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىدىغان ، مۇسۇلمان بولۇشىغا شۇنچە تەشنا بولغان ، كاپىر بولغانلىقى ۋە اللهغا بويۇنتاۋلىق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن شۇنچە ھەسرەت چەككەن ، ۋە قۇرئان كەرىمدە «ئەگەر ئۇلار .ىمان ئېيتمىسا ، ئەپۇسلىنىپ ، ئۇلارنىڭ ئىماندىن يۈز ئۆرىگەنلىكىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن ... شۇچاغنىڭ ئۆزىدە ،كاپىرلار : - بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار ، بەلكىم سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن ، ـدەيدۇ . »(سۈرە فۇسسىلەت 26.ئايەت ) دېيىشىدىغان مەككە جەمىيىتىدىن باشقا (دەۋەتكە كېرەكلىك ) مۇھىت ئىزدەپ يۈرمىگەن بولاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابە كىراملارنى ( الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن ) ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇشىمۇ مۇشۇدەۋەت ئۈچۈن مەككىدىن باشقا ياخشى بىر جەمىيەت ئىزدەش ئۈچۈن بولغان ئىدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ تائىپقا ئۆزى بىۋاستە بېرىشىمۇ دەۋەت ئۈچۈن مۇشۇ جەمىيەتتىن باشقا بىر جەمىيەت ئىزدەش ئۈچۈن بولغان ئىدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇناسىپ شارائىت ۋە مۇناسىپ ئەھۋاللاردا شۇنداق قىلغان ئىدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ھەرىيلى ھەج مەۋسۇملىرى ۋە زىل مەجىننە بازارلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەرقايسى ئەرەب قەبىلىلىرى ۋە ئايرىم شەخسلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ، ھېرىپ - چارچىماستىن ، زىرىكمەستىن ۋە ئۈمىدسىزلەنمەستىن ئۇلارغا ئىسلام دىنىنى تونۇشتۇراتتى، دەۋەت پىرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئۇزۇلدۇرمەي داۋاملاشقان دەۋەتنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە اللەنىڭ پەيغەمبىرى (ئۇنىڭغا اللەنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن)نىڭ :«- پەرۋەردىگارىم ،مېنى (قەبرەمگە) ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن ، (قەبرەمدىن ) ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەققە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن ، دېگىن . » (17.سۈرە 80.ئايەت ) دېگەن دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ يارامىلىق بىر جەمىيەتكە ئېرىشتۈردى.

بۇ جەمىيەت ئۇزۇن مۇددەت سەۋىرچانلىق ، دەرىجىدىن تاشقىرى ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئىزدىگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى بوشلۇقى ، ياخشى شارائىتلىرى ، ئايرىم ، شەخسلىرى ، جامائەتلىرى ... بارچە – بارچىسى بىلەن قولىغا كەلگەن «مەدىنە مۇنەۋۋەرە» دۇر.

بولۇپمۇ بىز مۇسۇلمانلار مۇشۇ دەرسلىكتىن پايدىلىنىپ ، ئىسلامنى ۋە ئىسلام پىرىنسىپلىرىنى تاقىتىش ، كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇشتائاكتىپ پائالىيەتچان بولۇشىمىز ، دۇنيادا مەۋجۇت بولغان بولغان بارلىق تىللار دا دۆلەت ، رايون، جەمىيەت ، موھىتلارنىڭ ھەممىسىگە ، ئايرىم شەخسلەر ياكى جامائەتكە مۇشۇ دىنىنىڭ زۇلۇم ، پاراكەندىچىلىك ، ۋەيران بولۇش ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بۈگۈنكى دۇنيانى قۇتقۇزۇشتىكى ۋاستىلىرى

، ئاجايىپ يارقىن ئۆبراز لىرىنى ئوتتۇرىغا قويىۋشىمىز ، پەقەت مۇداپىئەلىنىش نوقتىسىدا تۇرۇپ ئىسلامنى دۈشمەنلەرنىڭ خاتا

چۈشەندۈرۈشلىرى ، شەك – شۈبھىلەر بىلەن بورملاشلىرى .... دىن

ئاقلاپ رەددىيە بىرىپ ، كىشىلەرگە ئۆگىشاپ كۆرستىش ، توغرىسىنى سىقىپ ئىچۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالماسلىقىمىز لازىم . ھەقنى ھەقلىق يوسۇندا گۈزەل ئۇسلۇبلار بىلەن بايان قىلىش لازىم . «بوزۇۋقچىلىق ئومۇملىشىپ كەتتى. يىرتىق ئۇستىگە سالغان ياماقمۇ يىرتىلىپ كەتتى. دەريا چوڭقۇر، داۋان ئىگىز ،

كىشىلەرگە ۋەز – نەسىھەتنىڭ پايدىسى قالمىدى. »«قورۇقلۇقتا ۋە

دىڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى . » (سۈرە رۇم 41 .ئايەتنىڭ بىر قىسمى ) «دەۋەت ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بىرىشقا ئۇرۇنۇش ھېچ ئىشقا

يارىمايدۇ . » دىگەن سۆزلەردىن ھاڭ – تاڭ قالمايلى!بۇنداق

ئۆسەك سۆزلەر بىزنى ئويلىرىمىزنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاشالماس ،

قايناپ –قايناپ گىرۋىكىدىن تاشالماس قىلىپ قويمىسۇن !ئەگەر

شۇنداق بولدىمۇ دەيلى ( ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس)ئۇستىمىزدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ، ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇش ، اللهنىڭ ئالدىدا ئۆزرە ئېيتىش ئۈچۈن بولسىمۇ دەۋەت قىلماي بولمايدۇ. بۇ توغرىسىدا اله مۇنداق دەيدۇ : « ئۆز ۋاقتىدا ئۆلارنىڭ ئىچىدىكى بىر توپ ئادەملەر : ـ الله ھالاك قىلىدىغان ياكى قاتتىق

ئازابلايدىغان قوۋمغا نىمە ئۈچۈن ۋەز – نەسىھەت

قىلىسلەر؟ـدېدى. ئۇلار( يەنى ۋەز – نەسىھەت قىلغۇچىلار ) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئالدىدا ( گۇناھقا سۈكۈت قىلىپ تۇردۇق دەپ ) ئۆزرە ئېيتماسلىقىمىز ۋە ئۇلارنىڭ اللەدىن قورقۇپ ( گۇناھتىن چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق . ) – دېدى.

ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەز – نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغان چاغدا ، يامان ئىشتىن مەنئىي قىلغۇچىلارنى قۇتقۇزدۇق ، اللەنىڭ ئەمرىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن زالىملارنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلدۇق . »(7.سۈرە 164ـ165ـئايەتلەر )

دەۋەتچىلەر يەنە ،،،اللەنىڭ ھىدايىتىنىڭ كىملەرگە تېگىشلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۈستىدىكى بارلىق ئامانەتنى ئادا قىلىش ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى بىجىرىش ، اللەنىڭ دىنىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا پۈت دەسسىگۈدەك يەر قالماي ئومۇملىشىشى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە كۈچ سەرپ قىلىشى،گەپ-سۆزلىرى ۋە يۈرۈش – تۇرۇشلىرىدا كىشلەرگە ياخشى ئۈلگە ، ئەگىشىشكە تېگىشلىك ياخشى نەمۇنىچى بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشى ،ھىدايەت مەسلىسى ،ھىدايەت ئورنى ۋە مەسىلىسنى اللەغا قالدۇرۇش لازىم ."شەك شۈبىسىزكى ،سەن خالىغان ئادەمنىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن لېكىن الله ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ." (28سۈرە 40ـئايەت ) بىلگۈچىلەر ئۈچۈن شۇنىسى ئېنىقكى ،ھەممە كىشلەرنىڭ قەلبلىرى بىرپۈتۈن ھالدا تاشتەك ياكى ئۇنىڭدىن

بەكرەك قىيىپ كەتمىدى. لېكىن قەلبلەر ئاچقۇچ بىلەن ئاچالايدىغان ئۇستىلارغا مۇھتاج. مۇشۇ قەلبلەر ئېچىلغان ، قەلب قاسراقلىرىنى دەۋەت نۇرلىرى پاكىزلىغان چاغدا ، قەلبلەر ناھايىتى

تېزلىكتە ئۆزىنىڭ جەھلى — جاھىلىيەتلىرى، گۇناھ — مەئسىيەت

ۋە ئىسيانلىرى ، ئۆز موھىتى ۋە ناچار شارائىتلىرىدىكى ھاياجانلىنىشلىرىدىن ياخشىلىققا لايىق ، دەۋەت ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلىرىغا لايىق ھالدىكى يارامىلىق گۆشكە ئايلىنىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم : « ئادەم بەدىنىدە بىرچىشلەم گۆش بار ، ئۇياخشىلانسا ، پۈتۈن بەدەن ياخشىلىنىدۇ. ئۇ بۇزۇلسا ، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ

يۈرەك — قەلبتۇر . »دېگەن . باتىل ئەھلى ۋە ئۇنىڭ

ياردەمچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلامىي دەۋەتنىڭ خاراكتىرى ۋە

نىشان — غايىسىنى بىلمىگەنلىكلىرى ، دەۋەتچىلەرنىڭ بىر قىسمىنى

ئۆچ كۆرگەنلىكى ئۈچۈن دەۋەتكە دۈشمەنلىك قىلىدۇ. ئەگەر دەۋەت سېپىدە الله ياخشىلىققا مۇيەسسەر قىلىشنى خالىغان ماھىر دەۋەتچىدىن بىرەرسى مەيدانغا كەلسە، ، ئەقىل ۋە قەلبلەردىن

جاھالەتنىڭ پەردىلىرىنى كۆتۈرىۋەتكەن ، كۆڭۈللەردىكى ئاداۋەت —

ئۆچمەنلىككە چارە قىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلىم — مەرىپەت

ئۇرۇقىنى چاچقان ، دەۋەتچىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانلىرى ۋە يارقىن

ئۇسۇللىرى بىلەن كۆڭۈللەرنى كەڭ قورساقلىق ، مېھرى —

مۇھەببەت بىلەن سۆيۈندۈرگەن ، باشقىلارنىڭ ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان ، باشقىلارنى ئۆز مەيلىچە ئەيىپلەپ يۈرمەيدىغان ياخشى ھالەتنى مەيدانغا كەلتۈرەلەيتتى. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا ، الله شۇنداق قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسا ، ئاشۇ كىشىلەر ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياكى بىر قىسمى دەۋەتكە دۈشمەنلىك قىلىشنىڭ ئورنىغا دەۋەتنىڭ ھامىيلىرى ۋە ياردەمچىلىرىگە ئايلانغان ، دەۋەتچىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ مەھبۇبلىرىغا ئايلانغان بولاتتى.

ئەگەر ئىشلار يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەندەك توغرىلانسا.....
دەۋەت ئۇلار ئارقىلىق نۇرغۇن ياخشى نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ، ئۇلارمۇ دەۋەت سەۋەبىدىن نۇرغۇن ياخشىلىقلارغا ئېرىشكەن بولاتتى .

# يەتتىنچى دەرس     يەككىلىكلەر تۈرى

## بۇيىچە دەۋەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى

ئۆز دىنىغا ، بۇ دىنىنىڭ تارقىلىشىغا قىزىقىدىغان كىشىلەر ، بۇ دىنغا ھىدايەت قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ھەربىر غەيرەتلىك مۇسۇلمان ئۆزىگە بىرىلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ھەرخىل ۋاستىلەر ئارقىلىق الله تەرەپكە دەۋەت قىلىشقا بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇشى ، مۇۋەپپىقىيەتكە ئاپىرىدىغان بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئادا قىلىشى ، ھەرقانداق مۇمكىن بولىدىغان

شارائىت ۋە مۇھىتتىن پايدىلىنىپ ۋەز – نەسىھەت قوبۇل قىلىش

ئېھتىمالى بولغان شەخس ياكى كوللىكتىپنى دەۋەت قىلىشى ، الله قەلبىنى ئىسلامغا(قوبۇل قىلىشقا ) ئېچىۋېتىش ئېھتىمالى بولغان كىشىلەرنى ، ھەتتا ئىتىراز بىلدۈرمەستىن قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدىغان كىشىلەر بولسىمۇ دەۋەت قىلىش لازىم.

بۇ ھەقتە اللەتەئالا :«رەببىڭنىڭ يولىغا( يەنى ئىسلام

دىنىغا ) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز – نەسىھەت قىلغىن .

»دەيدۇ. (16). سۈرە125.ئايەتنىڭ بىرقىسمى)«ئى ،مۇھەممەدئۈممىتى ، سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، ياماتلىقتىن توسىدىغان ، اللەغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. (سۈرە ئال ئىمران 110.ئايەت )

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم :«ئاراڭلاردىن

كىمكى يامان ئىشنى كۆرسە ، قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر ئۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، قەلبىدە نارازىلىق بىلدۈرسۇن، قەلبتىكى نارازىلىق ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدۇر. »دىگەن ( سەھىھۇل مۇسلىم )

اللەغا بولغان ئىخلاس ئۈستىگە قۇرۇلغان ساپ ئەقىدە اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش، ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈش ، اللەنىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ، مۇسۇلمانلارنى ئىززەت – ھۆرمەت ۋە شان – شەرەپكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن سەممىي ۋە توغرا بولغان رىغبەت ۋە توغرا چۈشەنچىدىن ئۇرغۇپ چىققان پائالىيەت جەھەتتە ئۈلگە بولۇش ، گەپ – سۆز جەھەتتە ئىمان كەلىمىسى ئارقىلىق چىرايلىق دەۋەت ئېلىپ بارغاندا ، يوقاردىكى مەقسەت ئەمەلگە ئاشىدۇ.

يۇقىرىدىكى موھىم نوقتىغا ئاساسەن ھەرقانداق ئەھۋال ، ھەرقانداق موھىت ۋە چاغدا  ئۈنۈملۈك شارائىت ۋە ۋاستىلار بىلەن پۈتۈن خالايىقنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ھەربىر ئەر – ئايال ،چوڭ – كىچىك مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. ئۆزىنى مۇسۇلمان ئاتايدىغان ھەرقانداق شەخسنىڭ دەۋەتتىن باش تارتىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئۇنى ھەرقانداق مەشغۇلات توسۇپ قالالمايدۇ، قايتۇرغۇچىلار باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتەلمەيدۇ.

يۇقاردىكى بايانلاردىن دەۋەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن

پەرزلىكنى بىلگەن بولساق ، ھىجرەت دەرسلىرىدىن شەخسلەرگە ئايرىم – ئايرىم دەۋەت ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇسۇلمان ئۈستىگە تېخىمۇ موھىم پەرز بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. خۇسۇسەن شەخسلەرگە ئايرىم – ئايرىم دەۋەت ئېلىپ بېرىش ئىسلام يولىدا ھەرىكەت قىلغۇچىلارغا زور نەتىجە ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئىسلامىي ھەرىكەت مەيدانىدا ئىشلەيدىغانلارنى ئاۋۇتىدۇ. بۇ ئۇسۇل مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم كىشىلەرنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلىشتا ئىزچىل قوللانغان ئۇسۇل بولۇپ ، مۇشۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن بۇ ئۇسۇل قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۈنۈملۈك ، كۈچلۈك ئىجابىي ، جانلىق ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. گەرچە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ دەۋەت ئۇسۇللىرى بۇنىڭدىن باشقا ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ، ھىجرەتتىن ئىلگىرى ۋە ھىجرەتكە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا ، ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە تائىفتىن قايتىشتا سىنۋەي ئاھالىسىدىن بولغان ئەدداسقا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغان ، شۇنداقلا ھەج كۈنلىرى مىنادا تۇرۇپ ئايرىم شەخسلەر ۋە ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشكەن . بۇ ئارقىلىق الله ياخشىلىق كەلتۈرۈشنى ۋە ئۇلار ئارقىلىق دەۋەتكە يول ئېچىشنى خالىغان خەزرەج قەبىلىسى مۇشۇ ئۇسۇلنىڭ مەھسۇلى بولغان .ئىسلامغا يېڭىدىن كىرگەن مەدىنىلىكلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغان ئىدى.

بەيئەت ئىشتىراكچىسى بولغان كەئىب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەجدىن بىكار بولۇپ

رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىلەن ئالدىن كېلىشىۋالغان جايغا كېچىدە يېتىپ كەلگەندە ، بىز بىلەن خوجايىنلىرىمىز ۋە ئىسلىزادىلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر ئىبنى ھەرام بىللە بار ئىدى. ئۇنى ئۆزىمىز بىلەن بىلە ئېلىۋالغان ئىدۇق . بىز رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىلەن بولغان ئىشىمىزنى بىز بىلەن بىللە ھەجگە كەلگەن مۇشرىك قەۋمىمىزدىن يوشۇرۇن تۇتاتتۇق . بىز ئابدۇللاھقا

سۆزلىمەكچى بولۇپ : ‹ ئى جابىرنىڭ ئاتىسى ، سەن

خوجايىنلىرىمىزنىڭ بىرى، ئىسلىزادىلىرىمىزنىڭ سەرخىلى بولغىنىڭ ئۈچۈن ، ئەتىكى كۈندە دوزاخقا ئوتۇن بولۇشۇڭنى

ياقتۇرمايمىز .›دىدۇق . ئاندى ئۇنى ئىسلامغا چاقىردۇق ۋە

رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىلەن ئەقەبەدە ئۇچراشماقچى بولغانلىقىمىزنى ئېيىتتۇق . ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ ، بىز بىلەن ئەقەبەدە بەيئەتكە قاتناشتى ، ئۇقوۋمنىڭ ۋەكىلى بولغان ئىدى.» («غورۇرلۇقلار باغچىسى » 2.قىسىم 182. بەت )

مۇشۇ دەرسلىكتە ئەنسارىيلارنىڭ شەخسلەرنى ئايرىم –

ئايرىم دەۋەت قىلىشى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمدىن تاللاشنىڭ ياخشى بولۇشىنى ، ۋاقىتنى ئىنچىكە ھېسابلاشنى ، ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ دەل جايىدا بولۇشىنى، دەۋەتنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئالدىراشنى ، پۇرسەتنى قولدىن بىرىپ قويماي، تۆمۈرنى قىززىقىدا سوقۇشنى باشتىلا ئۆگىنىۋالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار مۇشۇ سەۋەبلىك ئىتتىپاقدىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە

مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشتى .

الله تەرپكە دەۋەت قىلىشتا بۇ ئۇسۇلغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك ، چۈنكى اللەنىڭ ئىزنى بىلەن بۇ يولدا نۇرغۇن ياخشىلىقلار بار.

تەبىئىتى ساغلام ، ئىسلامنى چۈشىنىشكە قىزغىن ئىشتىياقى بولغان نۇرغۇن كىشلەر باركى ، ئۇلارغا ئىسلام چىرايلىق رەۋىشتە توغرا چۈشەندۈرۈلمگەن. ياكى بۇ كىشلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ

غەم – ئەندىشلىرى ياكى راھەت – پاراغەتلىرى بىلەن مەشغۇل

بولغانلىقتىن اللەنى زىكرى قىلىشتىن باشقا تەرەپلەرگە مۇھتاج بولمىغان  ، باشقا تەرەپلەرنى بىلىشنى خالىمىغان ياكى  بىلىشكە ئورۇنمىغان . ئەگەر بۇ كىشلەرگە ئىسلام چىرايلىق رەۋىشتە ، توغرا

چۈشەندۈرۈلسە،ئۇلارغا  چۈشەندۈرۈشتە ۋەز – نەسىھەتتىكى ئەدەب

ئەخلاقىقا رىئايە قىلىنسا ، پىكىرلەر ئوچۇق بايان قىلىنسا ، سۆھبەت ياخشى ئۆتكۈزۈلسە ، مۇمكىن بولسا داۋاملىق كۆڭۈل بۆلۈنسە ، سوئاللار ئوتتۇرىغا قويۇلسا ئۇلارنىڭ دەۋەتنىڭ ، قوشۇنىنىڭ ياراملىق بىر ئەسكىرى ، ئىخلاسمەن ياردەمچىسى بولۇشى مۇقەررەر . چۈنكى بۇنداق كىشلەر ئىسلامدىن توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ قانائەت ھاسىل قىلسا ، ياراملىق بىر ياردەمچى بولغىنىدىن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلالايدۇ . ئىسلام بايرىقى ئاستىغا كىرىش بىلەن اللەنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. تەبىئىيكى ، بۇ كىشلەر بىلەن ئىسلام سېپى ئۇلغىيىدۇ ، مۇسۇلمانلار سانى ئاشىدۇ ، دەۋەتكە تېخىمۇ زور ، تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەتلەر كېلىدۇ.

نۇرغۇن كىشلەر باركى، قورقۇنچاقلىق ئۇلارنى ئىسلامنى

ھەرجەھەتتىن ئەتراپلىق چۈشىنىشتىن توسۇپ قويغان ، قايمۇقۇش پەردىسى دىللىرىنى پىچەتلىۋەتكەن . ئۇلار ئىسلامنىڭ سىرتقى

قىسمىدىن ئاز – تولا بىر نەرسە ئۇققانلىقى ، رەسمىيەت

قائىدىلىرىدىن ئاز – تولا خەۋەردار بولغانلىقى بىلەن كۇپايىلىنىپ،

مەقسەتسىزلا جاھان مىكروپلىرىدىن يۇقۇملىنىپ قالغان . ئاشۇ بىلىمسىزلىكى ياكى جاھالەت سەۋەبىدىن ، دەۋەتنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالغان . كونىلار ئېيتقاندەك : بىر نەرسىنى بىلمىگەن كىشى ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ. ئاشۇ كىشىلەرگە ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش ، دىنني ھەر تەرەپتىن ئەتراپلىق ئوتتۇرىغا قويۇش ، ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ۋە بۇ يولنى داۋام ئەتكەن كىشىلەرگە اللەنىڭ ئىنئام بېرىدىغانلىقى ، قوبۇل قىلمىغان قوبۇل قىلسىمۇ تولۇق قوبۇل قىلمىغان ۋە ھەق يولدىن قىڭغىر كەتكەنلەرگە ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە قاتتىق جازانىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان ۋاستىلەرنى ئىزدەشتە بىزگە ئۆزرە يوق.

تۈرلۈك ۋاستىلەرنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىش ۋە چىرايلىق رەۋىشتە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق الله خالىسا بۇ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىكى قايمۇقۇش پەردىلىرى تارقاپ كېتىشى، قەلبلىرىدىكى قورقۇنچ ـ خاپىلىقلىرى يوقىلىشى مۇمكىن. مەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدۇ دەپ ئېيتالمايمەن ، بەلكى ئۇلارنىڭ بىر بۆلۈكى شۇنداق بولسىمۇ كاتتا نەتىجە بولىدۇ.

تالاي كىشىلەر توغرا يولنى ئىزدەۋاتىدۇ، ئۇلار قولنى تۇتۇپ ھەق يولغا باشلايدىغان ، ئالدىدا يولنى يورۇتۇپ بېرىدىغان كىشىلەرگە موھتاج ئەمەسمۇ؟!!

ئۇبدان ئويلاپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدىغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى ، بىز الله تەرەپكە چاقىرماقچى، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا ياكى تولۇق قوبۇل قىلىشقا ، ئىسلامىي ھەرىكەتلەر سېپىگە كىرىشكە دەۋەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە كامالەت ۋە لاياقەتنىڭ سۈپەت ۋە ئۆلچەملىرى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئەمەس ، بەلكى ئۇلاردا كامىللىق سۈپەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئەگەر بارلىق كىشىلەردىن ئاشۇنداق يوقىرى ئۆلچەم تەلەپ قىلساق، ئۇلار بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلساق نىمە ئەھمىيىتى بار ؟ ئۇلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ الله تەرەپكە يېتەكلەشنىڭ نىمە رولى بولسۇن ؟!!بۇنداق قىلىش بىزنىڭ تولىمۇ موھىم بولغان ئىككى ئىشنى ئەستىن چىقىرىپ قويغىنىمىزدىن بولغان . بىرىنچىدىن : بۇخىلدىكى كىشىلەر بۈگۈنكى دۇنيادا ناھايىتى كەمدىنكەم تېپىلىدۇ. ئىككىنچىدىن : ئۆزىمىز كامالەت سۈپەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولالمىدۇق، بەلكى كۆپىرەكىنى ئۆزلەشتۈرەلمىدۇق ، لېكىن بىز ئاشۇ ئالىي سۈپەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەل قىلىۋاتىمىز ، اللەنىڭ ئاشۇ سۈپەتلەرنى بىزگە ئاتا قىلىشىنى تەمە قىلىۋاتىمىز.

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئويلاپ بېقىشىمىز كېرەككى، ھەقىقەتەن ئىسلامىي ھەرىكەت ئۆز سەپلىرىگە ھەرقانچە ئاز بولسىمۇ

قابىلىيەت ئىگىلىرىنىڭ ، ھەرقانچە ئاجىز بولسىمۇ كۈچ – قۇۋۋەت

ئىگىلىرىنىڭ ، تۈرى قانچە كۆپ بولسىمۇ ،ھەرخىل سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ قوشۇلۇشىغا موھتاج. چۈنكى بۇ ھەرىكەت جەمئىيەتكە رەھبەرلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ . جەمئىيەت خىلمۇخىل ئىجدىمائىي گورۇھلاردىن ، ئوخشىمىغان تائىپىلەردىن

تەشكىل تاپىدۇ.

كىم رەھبەرلىككە يارايدۇ؟ كىم ئەسكەرلىككە يارايدۇ؟ كىم پىلان تۈزۈشكە يارايدۇ؟كىم ئىجرا قىلىشقا يارايدۇ ؟كىم پىكىر قىلىشقا يارايدۇ ؟ كىم ئىشلەشكە يارايدۇ؟ كىم ئىجاد – كەشپىياتقا يارايدۇ؟ كىم ئەگىشىشكە يارايدۇ .. دېگەندەك ئىسلام ئۈچۈن قولىدىن ئىش كېلىدىغان موھىم كىشىلەرنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش دەۋەت باشلىنىشىدا زىيادىلىك قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا جەمىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى كىشىلەرنى دەۋەت قىلىش كېرەك. «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ( يەنى ئىسلام دىنىغا ) چىرايلىق رەۋىشتە دەۋەت قىلغىن . » دېگەن ئايەتتە ئەرەب تىلى گرامماتىكا جەھەتتە دەۋەت قىلىنغۇچى ئىبارىسى ئىشلىتىلمىگەن . بۇ دەۋەتنى ئايرىم كىشىلەر ياكى جامائەت بولسۇن، پۈتۈن كىشىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك دەۋەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. دەۋەتچى شۇنى بىلىپ بىلىپ قالسۇنكى ، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ھەرگىز بىكار كەتمەيدۇ.

1. دەۋەت قىلىنغان كىشى الله تەرەپكە قايتىپ ، ئىسلامىي ھەرىكەتلەرگە پائال قاتنىشىدۇ، بەلكى ئۇ يارامىلىق بىر دەۋەتچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . بۇ ئەھۋالدا دەۋەت قىلغۇچى دەۋەت قىلىنغۇچى بىلەن ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ،دەۋەت قىلىنغۇچىنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ. « ئەگەر اللەنىڭ سىنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن بىر ئادەمنى ھىدايەت قىلغىنى قىزىل تۆگىلىرىڭ بولغاندىن ياخشىدۇر . » (سەھىھۇل بۇخارى )

2. دەۋەت قىلىنغۇچى دەۋەت ۋە ئۇنىڭ غايە – نىشانىنى چۈشىنىدۇ، سىنىڭ ھال – ئەھۋالىڭنى ، نېمە قىلىۋاتقىنىڭنى چۈشىنىدۇ، ئۇ قايسىبىر سەۋەبلەر تۈپەيلى سەن بىلەن بىر كوچىدا ماڭمىسىمۇ ساڭا ھېسداشلىق قىلىشى ، ئۇنىڭ تىلى ، يا قەلىمى ، يا قورالى . يا ئەل ھال تىلى ساڭا ياردەمدە بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولمىغاندىمۇ ، ھېچ بولمىسا ساڭا دۈشمەنلىك قىلماسلىقى مۇمكىن . مانا بۇ ئۆز – ئۆزىدىن زور نەتىجىدۇر.

3. سەن بۇرۇنقى مەۋقەسىدىمۇ تۇرالمايدىغان ، يېڭى مەقەسىدىمۇ تۇرالمايدىغان قىلىپ قويۇشۇڭ مۇمكىن . بۇ چاغدا سەن دەۋەت قىلغان ئىش بىلەن بۇرۇن ئۆزى داۋاملىشىۋاتقان ئىككى ئىش ئوتتۇرىسىدا گاڭگىراپ تۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سەن اللەغا يالۋۇرغان ۋە ئىلتىجا قىلغان ھالدا ئۇكىشىنى ھىدايەت يولىغا باشلاپ قويۇشىنى ، دەۋەت نۇرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئۈچۈن قەلبىنى ئېچىۋېتىشىنى چىن كۆڭلۈڭدىن تىلىگىن . ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ ، بىپەرۋالىق قىلغىنىدىن ئاغرىنىپ ئۇنىڭدىن يىراقلاشمىغىن ، مالاللىق ۋە ئېغىر كەلتۈرمىگىن ، شۇنداقلا ھەددىدىن زىيادە چاپلىشىۋالمىغىن .

4. سەن بىلەن جەدەللىشىش ئۈچۈن بويۇنتاۋلىق قىلىشى ، قوبۇل قىلماسلىق ئۈچۈن گەدەنكەشلىك قىلىشى ياكى

ئۆچمەنلىك قىلغانلىقتىن بويۇنتاۋلىق قىلىشى مۇمكىن .
بۇنداق كىشىلەرنى قويۇۋەت، ئۇنىڭ بىلەن ۋاقتىڭنى زايا قىلما ، قانائەتلەندۇرمەن دەپ تىرىشچانلىقىڭنى خوراتما.
الله ئۇنىڭغا سەندىن باشقا كىشىلەرنى تەييارلاپ قويغان بولۇشى ، ئۇنىڭ دەۋىتىگە ئىجابەت قىلىشى ئۇنىڭ قەلبىنى باشقا ۋاقىت ياكى باشقا شارائىتلاردا ئېچىۋېتىشى مۇمكىن . ياكى الله ئۇنىڭغا سەن دەۋەت قىلغان نەرسىدىن باشقا نەرسىنى ئىرادە قىلغان بولۇشى مۇمكىن .
بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىڭ ، دۈشمەن كۆرمەسلىكىڭ ، ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا غەزەپلەنمەسلىكىڭ لازىم .

ساڭاالللەنىڭ ئۈستۈڭدىكى دەۋەت ئامانىتىنى

يەتكۈزگەنلىكىڭ ، زىممەڭدىكى مەجبۇرىيەت — مەسئۇلىيەتتىن خالاس بولغانلىقىڭ كۇپايە قىلىدۇ .

اللەتەئالا ئىلگىرى — كېيىن دەۋەتنى دۈشمەنلەرنىڭ

سۇيقەستىدىن،ئىسلام كىشىلىرىنىڭ نادانلىق بىلەن يامان تەسىر يەتكۈزۈشىدىن قوغدايدۇ.
نەتىجىلەر قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا كىشىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ، يالغۇز ھالدا دەۋەت قىلىش مەجبۇرىيىتىڭدىن باش تارتمىغىن .

# سەككىزىنچى دەرس غەلىبىگە ئالدىراپ كەتمەسلىك

مۇسۇلمانلار ، ئومۇمەن ئىسلام سەپلىرىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ياشلار غەلىبىنىڭ كېچىكىۋاتقانلىقىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى ، نەتىجىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ، تېرىشچانلىق مېۋىلىرىنىڭ ھوسۇللىرىنى يىغىۋېلىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىكى لازىم . چۈنكى بۇ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان ، اللەنىڭ بىكىتكەن قانۇنىيەتلىرىدىن بىخەۋەرلىكنى ئۇقتۇرىدىغان ، ساغلام ھالدا يېتىشتۈرۈلمىگەن ۋە ساغلام تەربىيىگە ئىگە بولمىغانلىقنى ئۇقتۇرىدىغان خەتەرلىك ئاپەتتۇر.

ئامانەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان ، دەۋەت سېپىدە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان ، ئىسلام نىزامى قۇرۇپ چىقىشقا بارلىقىنى تەقدىم ئېتەلەيدىغان يارامىلىق ئەۋلادلارنى تەربىيلەپ چىقىشتا ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ھىجرەت دەرسلىكلىرى ئىچىدە بۇ دەرستىن پايدىلىنىشنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى. مەسىلەن : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتى پەيغەمبەرلىككە ئەۋەتىلىپ 13 يىلغىچە كېچىككەن . بۇ يىللارنىڭ ھەممىسى

جاپا – مۇشەققەت ۋە مۇسىبەت بىلەن ئۆتكەن كۈنلەردۇر.

ھەتتا ھىجرەت جەريانىدىمۇ ئەھۋال ئاشۇنداق بولدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىلەن ئۇچراشقان

ئەنسارىيلارئالتە نەپەر كىشى بولۇپ ، تولۇق بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەقەبەدە بەيئەت قىلغان كىشىلەرنىڭ سانى ئاران 12. يەنە تولۇق بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشقان كىشلەرنىڭ سانى 73 نەپەر، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى نەپەر ئايال بار. بۇيەردىكى ساننىڭ ئېشىشى ناھايىتى ئاستا ، كىشلەرنىڭ ئىسلامغا كېچىكىپ كىرىشى ناھايىتى يوقىرى. بۇ ئەھۋالدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قانداق قىلدى؟

پاھ!نىمە دىگەن سەۋىرچانلىق – ھە! نىمە دىگەن

ئېغىر بېسىقلىق ـھە! ئۇ نەتىجىگە ئالدىراپ كەتمىدى. ساننىڭ ئاۋۇشىنىڭ ئاستىلىقىدىن كۆڭلىنى يېرىم قىلمىدى. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب شۇكى: ھىجرەت ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكمىدى. ، بەلكى ئۇ شۇنىڭدىن بۇرۇن بولغان بولسا ( ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس) اللەنىڭ دۆلەت قۇرۇۋشتىن ئىلگىرى كىشلەرنىڭ روھىنى قۇرۇپ چىقىش قانۇنىيتى ۋە ھېكمىتىگە خىلاپ ئىش بولغان بولاتتى.چۈنكى شەخسلەرنىڭ روھىنى قۇرماي تۇرۇپ قۇرۇلغان دۆلەت تېزلىكتە يىمىرىلىدۇ، دۆلەت قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن روھ قۇرۇلۇشى تاماملانغان شەخسلەر دۆلەتنى تېزلىكتە قۇرۇپ چىقىدۇ، يىمىرىلگەن دۆلىتىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھىجرەت دەل ۋاقتىدا كەلدى. دۆلەت قۇرۇپ چىقىدىغان شەخسلەر ھەر تەرەپتىن ئېغىر جاپالار ، قاتتىق ئىمتىھانلار بىلەن تەربىيلەندى، مەشقلەندى، ئىلاھىي دۆلەتنىڭ بۇ قۇرغۇچىلىرى دۆلەت قۇرۇشقا لاياقەتلىك يېتىشىپ چىقتى. ئەمدى

ئۇلار اللەنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان « □□□ □□□□□□□□□ □□»

دۆلەتنى قۇرۇپ چىقمىسا بولمايتتى. ھىجرەت ۋەقەسى دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە يۈز بەردى.

ناھايىتى ھورۇنلۇق بىلەن ئاستا ئاۋۇغان سانغا ، سان –

سىفىر ۋە مۆلچەر جەھەتتىن كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان تولىمۇ كاتتا ئىجادىي ئىشىشى ھەمراھ بولدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ بۇ بىر نەچچە سانىنى ئاددىي كۆرگىنىنى ، سان كۆپىيىشىنىڭ تولىمۇ ئاستا بولۇۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلانغانلىقىنى كۆرمەيمىز

خۇسۇسەن دەۋەتنىڭ گۈللىنىشى ، ئۆمرى ۋە ئۇنىڭ باسقۇچلىرىنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك بولۇشى ، الله ئۆز تەقدىرى ، ئىلمى ،ھېكمىتى ۋە خاھىشى بىلەن بېكىتىدىغان ئىشتۇر . « بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك يارىتتۇق . »(54.سۈرە 49. ئايەت ) شۇنداقلا بارلىق نەتىجىلەر اللەنىڭ قولىدىدۇر. « ياردەم پەقەت الله تەرىپىدىنلا كېلىدۇ . » ( 81.سۈرە 10.ئايەتنىڭ بىر قىسمى )

بىز سەۋەبلەرنى چىڭ تۇتۇشىمىز ، سەۋەبلەرگە قارىتا ھەرىكەت قىلىشىمىز، قىلغان ھەرىكەتلىرىمىزنى ياخشى قىلىشىمىز لازىم .« - ئۇلارغا ئېيتقىنكى، خالىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار ، قىلغان ئەمەلىڭلارنى الله، اللەنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەر )نى بىلگۈچى ( الله ) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، الله قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر

قىلىدۇ . » ( 9.سۈرە 105.ئايەت) دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى يىللار ۋە سانلار بىلەن قىياس قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، شەخسلەرنىڭ ئۆمۈرلىرى بىلەن قىياس قىلىدىغان ئىشمۇ ئەمەس ، بەلكى ئۇ اللەنىڭ تەدبىرىگە ، خاھىشىغا ، بىكىتمىسىگە ۋە ئۆلچىمىگە قاراشلىق ئىشتۇر.

الله بىكىتىدىغان ، ۋە تەدبىر قىلىدىغان مۇۋەپپىقىيەتنى ئۆزىمىزنىڭ ئۆلچەملىرىگە بويى سۇندۇرۇشىمىز ، ئۆمۈر ھېساباتىغا كىرگۈزۈشىمىز بىزگە توغرا كەلمەيدۇ. دەل مۇشۇ پايدىغا رىئايە

قىلىش – بەك موھىم ۋە زۆرۈر ئىشتۇر.

ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ غەلىبە ياكى نەتىجىگە ئالدىراپ كەتسەك ، مەغلۇبىيەت گۆرىمىزنى ئۆز قولىمىز بىلەن كولىغان بولىمىز ، دەۋەتكە ۋە دەۋەت ئەھلىگە ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى ، داۋان ۋە توساقلارنى باشلاپ كېلىمىز . بۇرۇنقىلارنىڭ تېرىشچانلىقلىرىنى كۆككە سورۇۋېتىمىز . بىزدىن بۇرۇنقىلار مېڭىپ بېسىپ ئۆتكەن نۇرغۇن مۇساپىنى ھېچ بىر پايدىسىز ، ئەھمىيەتسىز ھالدا يېڭىدىن باشلاشقا مەجبۇر بولىمىز .

شۇنىڭ ئۈچۈن ، مۇشۇ ساھەدىكى ئالدىراڭغۇلۇق: بىرىنچىدىن شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتىگە ، ئاندىن دەۋەتتىكى ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرگە زىت كېلىدۇ ، ئىسلام ئامانىتىنى ئۈستىگەئېلىش ، ئامانەتنى تەلەپ قىلىنغان ئۆلچەم بىلەن ئادا قىلىشتا مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشقا لايىق ، يارامىلىق شەخسلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى قانۇنىيەتلەرگە زىت قىلىدۇ.

بۇ دەرستىن پايدىلىنىش ، پايدىلانغاندىمۇ ياخشى پايدىلىنىش ۋە چىڭ تۇتۇش ، ئىسلامىي ھەرىكەتلەر بىلەن

شوغۇللىنىۋاتقان كىشىلەر ئىچىدە ئۆمىدسىزلىنىش ، چۈشكۈنلۈك ۋە چېكىنىش مىكروپلىرىدىن يوقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ، ئەسەبىيلەرنىڭ نورماللىقىنى ساقلاشقا ياردەم بىرىدۇ ، نەزەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئەتراپلىق ئادا قىلىشىغا ، توغرىسىنى تېپىشىغا ، خاتالىقتىن ساقلىنىشقا ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەم بىرىدۇ ، اللەنىڭ ئىزنى بىلەن مەقسەت — غايىلەرگە يېتىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

# 9.دەرس خاتىرجەملىك

## تۇيغۇسىنىڭ تولۇق بولۇشى

1.خاتىرجەملىك تۇيغۇسى دەۋەت ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىلىم ۋە نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ، ئىسلامغا بولغان ئاڭ ، تۇيغۇسىنىڭ سەمىمىيلىكى ،دەۋەت تارىخى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىلەن باشلانغان تۇنجى كۈنلەردىن باشلاپ، بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنىمىزگە قەدەر دەۋەت ئوغلانلىرى دۇچ كەلگەن ۋە بېسىپ ئۆتكەن تارىخي ئارقا كۆرنۈشنى ياخشى چۈشىنىش قاتارلىق مول بىلىملەر ۋە تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئۆزىدە يېتىلدۈرىدىغان تۇيغۇدۇر .

2. بۇ تۇيغۇ ئىسلام پرىنسىپلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ، ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈش، ئىسلام ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلار ۋە ئومۇمىيۈزلۈك مۇسۇلمانلارنىڭ شان – شەرىپىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ، ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ، ھەرىكەتنى توختىتىپ قويماسلىق ، ئەمەلدىن قالدۇرماسلىق ۋە پۈتۈنلەي ئەمىلىيلەشتۈرۈشكە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان ئوت يۈرەك ئوغلانلار ئۆزىدە يېتىلدۈرىدىغان تۇيغۇكى، ، بۇ تۇيغۇ ئۆزىگە بىرەر خەتەرنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش ياكى قورقۇشتىن بولغان ئەمەس. لېكىن مەلۇم مىقداردىكى ئېھتىيات يەنى ئەڭ توغرىغا يېتەكلەيدىغان كىشىلەر دۇنياسى ۋە رېئاللىقىدا ئەمىلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان پرىنسىپلارنى روياپقا چىقىرىشنىڭ ئالدىدا بۇ پرىنسىپلارنىڭ ھەرخىل ئېھتىماللىقلار

سەۋەبلىك يوقتىلىش ياكى بىر مەھەل جىمىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېھتىيات تەدبىرى جانلىق قوللىنىلدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىي دەۋەت مەيدانلىرىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان موھىتقا، جەمىيەتكە قارىتا ، ئۆزى قارشى تۇرۇۋاتقان كۈچلەرگە قارىتا دەۋەت بەلگىلىرى ئايدىڭلاشماي تۇرۇپ ، ئۇنىڭ پىرىنسىپلىرى كەڭ تارقالماي تۇرۇپ ، ئەگەشكۈچىلىرى كۆپەيمەي تۇرۇپ بىرەر پۇتلىكاشاڭ ياكى تالاپەت يېتىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، شۇنداقلا دەۋەت كىشىلىرىگە دۈشمەنلەر سۈيىقەستى ، تاغۇتلارنىڭ زۇلمى ، ئازغۇنلارنىڭ بېسىمى ، قانخورلارنىڭ زىيان زەخمەتلىرى يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ تۈيغۇنى تولۇقلىماي بولمايدۇ.
بۇنداق دىگەنلىكىمىز : قورقۇنچاقلىق ياكى دەۋەت سېپىدىن چېكىنىشكە ، ئىككىلا دۇنيانىڭ بەدبەختلىكىگە چۈشۈپ قېلىشقا چاقىرغانلىقىمىز بولماستىن بەلكى دەۋەتنى داۋاملىق سەگەكلىك بىلەن ، ھوشيارلىق بىلەن داۋاملاشتۇرايلى ، رىئاللىقنى چۈشىنەيلى ، يول ئۇزۇن ، مۇساپە يىراق ، توساقلار كۆپ بولغىنى
ئۈچۈن بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىغا قارىماي ، ناھايىتى يىراق — يىراق مەنزىللەرگە قاراپ دەۋەتنىڭ ئۇتۇقنى ئېرىشىشى ، كەڭ تارقىلىشى ، بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئومۇلىشىشنى نەزەردە تۇتايلى، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ دادىل قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيلى
دىگەنلىكتۇر . چۈنكى اللەدىن ھەردائىم تىنچ — ئامانلىقنى تىلەيدىغان بىر مۇسۇلمان «ئىسلامغا كېلىڭلار!» ،«جىھادقا
كېلىڭلار !» ، «ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى شان — شەرەپكە ئىگە

قىلىدىغان ، جىنلار ۋە ئىنسانلار تەبىقىسىنى بەخت – سائادەتكە

ئېرىشتۈرىدىغان دىننىڭ قۇرۇلۇشىغا ھەمدەمدە بولۇڭلار !»،
«قۇرئان سايىسى ئاستىدا ياشايدىغان ھاياتقا ۋە بۇ ھاياتنى ھاياتىي
كۈچكە ئىگە قىلىدىغان ھەرىكەتكە كېلىڭلار !» .... دېگەن
چاقىرىقنى ئاڭلىغان ھامان اللەنىڭ دىنى بولغان ئىسلامغا ياردەم
بېرىش يولىدا ئۆزىنى ۋە ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ھېچ نەرسىنى
ئايىمايدۇ ، بەلكى ئۇ نەمۇنىچى ، باشقىلار ئۈنىڭ روھىدىن
ئۆگىنىشكە ۋە دوراشقا تىگىشلىك يارامىلىق ئۈلگە بولىدۇ،
مەردانىلىك بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقىدۇ ، بۇ ئۇسسۇل ئۈچۈن
ئۆزىنىڭ جاۋان - مەردلىكىنى نامايەن قىلىدۇ . خۇددى ئۇلۇغ
ساھابە شېھەت خۇبەيىب ئىبنى ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دار ئالدىدا
ئېيتقان زەپەر مارشىنى ھاياتلىق ملودىيەسى قىلىدۇ . ئۇ
بولسىمۇ :

> مۇسۇلمان پېتى ئۆلتۈرۈلسەم ، بولدى يوقتۇر پەرۋايىم ،
> شېھىت بولۇپ يىقىلسام سول تەرەپتىن ياكى ئوڭ ياندىن.
> اللەنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلدۈم ، ئەگەر ئۇ خالىسا شەكسىز ،
> ئورۇن ئالغاي بۇقىنالغان ۋۇجۇدۇم باغى رىزىۋاندىن .

قىززىق ئىش ، بىز دەرسلىكتە تەكتلەۋاتقان خاتىرجەملىك
تۇيغۇسى بۇ دىنغا يېڭىدىن كىرگەن ، مەدىنىدىن مىنا تېغىدا
رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىلەم بىلەن ئۇچرىشىش
ئۈچۈن كەلگەن ئەنسارىيلاردا ئەڭ يوقىرى دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى
تاپقان .

بۇ ۋەقەلىكنى خاتىرە قالدۇرغان ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بەيئەت  ئىشتىراكچىلىرىنىڭ بىرى بولغان كەئىب ئىبنى

مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ :‹-بىزدىن رەسۇلىللاھ بىلەن كۆرۈشۈش

ئۈچۈن بارغان كىشى 70 نەپەر ئەر كىشى بولۇپ ، بىز ئۈنىڭ قېشىغا ھەج مەۋسۇمىدا كەلگەن ئىدۇق ،   ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن

ئەقەبە جىلغىسىدا ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشتۇق› ،‹ شۇكېچىسى

تېخىچە مۇشرىكلىك ھالىتىدە تۇرغان قەۋمىمىز بىلەن  بىز چۈشكەن قونالغۇدا بىللە ئۇخلىدۇق ، كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتكەن ۋاقىتتا رەسۇلىللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىلەن ۋەدىلەشكەن جايدا ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن

يوشۇرۇن ھالەتتە ، ئاستا — ئاستا ، بىر بىرلەپ مۆشۈك

سوغۇرۇلغاندەك سوغۇرۇلۇپ چىقىپ ، ھەممىمىز ۋەدىلەشكەن جاي ئەقەبە جىلغىسىغا توپلاشتۇق . بىز جەمئىي 73 نەپەر ئەر كىشى بولۇپ ، بىز بىلەن ئىككى نەپەر ئايال بارئىدى ، ئۇلارنىڭ بىرى- ئۇممۇ ئەممار ئاتالغان نەسىبە بىنتى كەئىب مازىنىيە ، يەنە بىرى-ئۇممۇ مۇنەيئى ئاتالغان ئەسما بىنتى ئەمىر ئەدىي ئىدى.

›دەيدۇ. »

مانا بۇ ئۇلارنىڭ  قونالغۇلىرىدىن چىقىش مەنزىرىسى ، ئاتا-

ئانىلىرى ، ئاكا — ئۇكىلىرى ، ئاچا- سىڭىللىرى ، خوتۇن ، بالا —

چاقىلىرى ئوتتۇرىسىدىن  سوغۇرۇلۇپ چىقىش مەنزىرىسى ، قەۋم —

قېرىنداشلىرى ، يار ، دوست — بۇرادەرلىرى ، يېقىن يورۇقلىرى ، ، يۇرتداشلىرى ئارىسىدىن بىر بىرلەپ سوغۇرۇلۇپ چىقىش مەنزىرىسى . ...

ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىشى ۋە ئۇنىڭ قېشىغا كىرىشى قانداق بولدى؟

كەئىب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «بىز،بىردىن — ئىككىدىن بولۇپ .ئەقەبە جىلغىسىغا تولۇق يىغىلىشتۇق . ئاندىن ، ـ ئى رەسۇلۇللاھ ، نىمىگە بەيئەت قىلىمىز ؟ ـدېدۇق. »( تاھا ئەبدۇرەئۇفنىڭ « غورۇرلۇقلار باغچىسى» 2.قىسىم 188ـ192.بەتلەر )

يا الله ! ياالله .... ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىش ئۇچۈن ، تاڭ سەھەردە كىشىلەر ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ مىدىرلىشىپ تۇرىدىغان ، ئەتراپ سانجاق — سانجاق ئادەملەر بىلەن تولۇپ تۇرغان چاغلاردا ، ئوچۇق — ئاشكارا ھالدا ئۆزلىرىنى كۆز — كۆز قىلىپ چىقمىدى . ئەمسە قانداق چىقتى؟

1.كېچىنىڭ تۈن نىسبىگە يېقىن ، ئادەملەر ياتاقلىرىدىن ئورۇن ئېلىشىپ قاتتىق ئۇيقۇدا خورەككە كەتكەن ئەتراپ جىمجىت ، سەگەك ۋە ھوشيار كۆزلەر ئۇيقۇ لەززىتىدە ئىختىيارسىز يۇمۇلغان ، تىنىك تىگچى قۇلاقلار گاس بولۇپ قالغاندەك شىۋىرلاش ۋە دۈپۈرلەشلەرنى ئاڭلىماس بولۇپ قالغان ، تاڭ ئەلچىسى بولغان خورازلارمۇ قونداقلاردا مۈگدەك بېسىپ ئولتۇرغان چاغلاردا چىقتى.

2. قاتتىق ئېھتىيات بىلەن يوشۇرۇن ، ئاستا ھالەتتە چىقتى. .
ئۇلار شۇ دەرىجىدە مەخپىي ۋە ئۇستىلىق بىلەن چىقتىكى ، ئۇلارنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىر يەردە ياتقان ئەھلىلىرى ۋە يۇرتداشلىرىمۇ تۇيماي قالدى. ئەگەر سىزىپلا قالدىمۇ، ئۇلارنىڭ قەيەرگە بارماقچى بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرەتتى. ، ياكى نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلىۋالاتتى-دە، ئۇلارنى بارماقچى بولغان، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدىن توسۇپ قالاتتى ياكى ئۇلارنىڭ سىرىنى پاش قىلاتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ موھىم ، ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايتتى. ئەتراپلىق تۈزگەن پىلانلار ، قىلىشقان ۋەدىلەر سۇغا چىلىشاتتى.
3. ئۇلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارماسلىق ، نەزەرلىرىنى ئۆزلىرى تەرەپكە بۇراپ قويماسلىق ئۈچۈن يولدا جامائەت بولۇپ ،

توپ – توپ بولۇپ ماڭمىدى ، بەلكى چېچىلاڭغۇ ھالەتتە ئايرىم –

ئايرىم ماڭدى . ھالبۇكى بۇ جاي ھەج قىلغۇچىلار ناھايىتى كۆپ ،

ئەتراپ سانجاق – سانجاق ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتكەن ،

كىشىلەر ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن توپلاشقان ، ئۇياق – بۇياققا ئۆتۈپ

ھەرىكەتلىنىدىغان گويا ئادەملەر دېڭىزى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇچاغ پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن كەبىنى تاۋاپ قىلىپ ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ كەلگەنلىكى (جاھىلىيەت قائىدىسى بويىچە ) ئۈچۈن ، سانى يۈزگە يەتمەيدىغان بىر توپ ئادەمنىڭ ئالدىراش نەلەرگىدۇر كېتىۋاتقانلىقى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتمايتتى، گۇمانىنىمۇ قوزغىمايتتى.

لېكىن بۇيەردە ئېھتىيات بىلەن ئىنچىكىلەپ ھەرىكەت قىلىش ، رازۋىتكىچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش بار !!!

يەنە دەۋەت سۆيگۈسىنىڭ ئۇلاردا نەقەدەر يىلتىز تارتقانلىقى ، دەۋەتكە كۆتۈلمىگەن بىرەر خەتەرنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ، قەلبلىرىنىڭ قات قېتىغا سىڭىپ كەتكەن دەۋەت رەھبىرىنىڭ بىرەر پىشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلاردا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەمىنلىك تۇيغۇسى باركى ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغاندىمۇ ، ئۇنىڭ يېنىغا جامائەت بولۇپ كىرمىدى.

ئۇلارنىڭ كىرىشى قانداق بولدى؟

كەئىب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ۋەدىلەشكەن جاي ئەقەبە جىلغىسىغا بىردىن- ئىككىدىن بولۇپ توپلاشتۇق.... ئۇلارنىڭ سانى تولۇق بولغاندا ، مەقسەت قىلىپ كەلگەن ئىشنى باشلىۋەتتى. بۇيەردە ياخشى ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك ئوبيېكت : ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىرقېتىمدىلا كىرمىدى

ياكى ئوندىن – ئوندىن بولۇپ كىرمىدى....

ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىدىن چىقىشلىرىمۇ شۇنداق بولدى...

ئۇلارنىڭ يولدا مېڭىشلىرىمۇ شۇنداق بولدى ...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىشىمۇ شۇنداق بولدى...

ئۇلار قايتىپ كىلىپ ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ، ھەمراھلىرى ئارىسىدا ياتتى . بەيئەت تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن پۈتتى!!!

ئۇلارنىڭ شۇ دەرىجىدە ئېھتىيات قىلىشى – كىشىلەرنىڭ

دىققىتىنى تارتماسلىق ، گۇمان قوزغاپ قويماسلىق ، نەزەرلەرنى ئۆزلىرى تەرەپكە بۇراپ قويماسلىق ئىدى. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا ، ئۇلارنىڭ مەقسەت – نىشانىنى زايا قىلىۋېتىدىغان ، ئورۇنسىز بەدەللەرنى تۆلەيدىغان ، تېرىشچانلىقلىرى بىكارغا كېتىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ قاتتىق بېسىمىغا ئۇچرايدىغان خاپىلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. بولۇپمۇ دەۋەت ساھىبى بولغان اللەنىڭ ئەلچىسى ( ئۇنىڭغا اللەنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ) – مۇشۇ سەۋەبلىك ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايتتى، ئۆزى قىلمىغان گۇناھنىڭ دەردىنى تارتاتتى ، ئەمەلگە ئاشمىغان ئىشنىڭ توقمىقىنى ، قىسقىسى يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەيتتى. ئەتراپلىق ئويلىنىش بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بۇتېرىشچانلىق ئۇلارنى مەقسەت قىلغان ئىشقا يەتكۈزدى ، دۈشمەنلىرىنىڭ شۇم قوللىرىدىن ئامان قالدى.

مانا بۇدەرسلىك پەيغەمبەر ( ئۇنىڭغا اللەنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن ) نىڭ ھىجرەت دەرسلىكلىرى ئىچىدە دىققەت – نەزىرىمىزنى ئۆزىگە تارتقان موھىم دەرسلىكتۇر . چۈنكى ئاشۇ ئەنسارىيلار (ئۇلاردىن الله رازى بولسۇن ) بەيئەت قىلغان كۈندىن باشلاپ ، بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ، ئاشۇ دىنىنىڭ بۈگۈنىگە قەدەر ھېچ قانداق بىر ئەمىر ياكى ھېچ قانداق بىر شەھەر اللەنىڭ دىنى بولغان ئىسلامىي دەۋەتكە سۈيىقەست قىلىدىغان ، دەۋەتچىلەرنى نازارەت قىلىدىغان ، تەقىپ ئاستىغا ئالىدىغان ، چىش تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرۇپ يوقاتماقچى بولغان دۈشمەندىن خالىي بولغان ئەمەس . دەۋەت زېمىن يۈزىگە چۈشكەندىن باشلاپ ، بىرەر ئەسىر

ياكى بىرەر سەھەردەۋەت ۋە دەۋەتچىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن خالىي بولغان ئەمەس، دېسەك مەسلىنى ھەرگىز كۆپتۈرىۋەتكەن بولمايمىز .

ئەمىلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. مانا بۇ اللەنىڭ بۈيۈك ھېكمىتىدۇر.

«ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار ، يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ) اللەنىڭ

نۇرىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى ) ئېغىزلىرى ( يەنى يالغان – ياۋىداق

بۆھتانلىرى ) بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ الله ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ ، كاپىرلار (بۇنى ) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ ، الله ھەق دىن (ئىسلام ) نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ( مۇھەممەدئەلەيھىسسالام)تولۇق ھىدايەت ۋە ھەق

دىن بىلەن ئەۋەتتى مۇشرىكلارنىڭ ئۇنىڭ - ئۈستۈن بولۇشىنى

يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ . » ( 9.سۈرە 32-33.ئايەتلەر)

ھەقىقەتەنمۇ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى قاتتىق ئاگىلىق ۋە سەگەكلىككە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ ، ئىسلامىي مەيداندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتچىلەر ، ھاياتلىقنى ئىسلام ھېمايىسىگە قايتۇرۇپ كىلىشكەياكى ھاياتلىقنا ئىسلامنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىنى قايتىلاشقا ، ئىسلام تەۋەلىكىدىكى بارلىق كىشىلەرنى تۈگىشىپ خانىۋەيران بولۇپ كىتىشتىن قۇتقۇزۇشقا چاقىرغۇچىلار ، ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن چاقىرغۇچىلار ،

ئىسلام بايرىقىنى لەپىلدىتىشكە سەئيي – سەۋەب قىلغۇچىلار ،

ئاخىرقى تىنىقىغىچە كۈچ ئۇلاپ تىرىشقۇچىلاردا بولۇشقا تىگىشلىك

مەسلىدۇر.

بىر قىسىم دەۋەتچىلەر« بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئانچە موھىم ئەمەس ياكى ئۇنچىۋالا قىلىپ كىتىشنىڭ ئورنى يوق .»دەپ قارىغانلىقتىن ياكى ھەرزامان بولۇپمۇ دەۋرىمىزدە دەۋەت ، دەۋەت ئەھلىنى ھەرتەرەپتىن قورشاپ تۇرغان ئۇمۇمىي ۋەزىيەتنى ئۇبدان چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئىشقا تازا كۆڭۈل بۆلمەي سەل قارىغانلىقتىن ، ئۆزلىرىگە ، مۇشۇ سەپتىكى باشقا سەپداشلىرىغا مۇسىبەتلەر ، پىتنىلەر ، ھەرخىل قىيىن- قىستاقلار ۋە

ئېغىرچىلىقلارنى يەتكۈزىۋاتىدۇ.، دەۋەتنىڭ تەلەپ — مەقسەت ،

تەلەپلىرىنى ئورۇنلاشقا توسقۇنلۇق ، پۇتلىكاشاڭ پەيداقىلىۋاتىدۇ. دەۋەت مەيلى ئۇزۇن- قىسقا ۋاقىت داۋاملاشسۇن ، باشقىچە شەكىللەر بىلەن داۋاملىششىغا توساقلار پەيدا قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىخەستەلىك قىلماستىن ، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تولۇق شەكىللەندۈرگەن بولسا ، ئۆزىنى ،دەۋەتنى ، سەپداشلىرىنى بالايى

— مۇسىبەتلەرگە دۇچار قىلمىغان ،دەۋەتنى بىر مەزگىل توختاپ

قېلىشقا دۇچار قىلمىغان بولاتتى .

3 .بىر بۆلۈك دەۋەتچىلەرنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا بولغان تونۇشىنىڭ ئاددىيلىقىدىن پۈتۈن سەپ بويىچە ئىلگىرىلەشكە توسالغۇ شەكىللىنىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن دەۋەت

نەتىجىسىز .كۆزلىگەن مەقسەت — نىشانغا يىتىش كەينىگە

سۈرۈلىدۇ.

بىز يوقاردىكى سۆزلەرنى بالا — مۇسىبەتلەرنى ئىنكار قىلىش

ياكى ئۇنىڭدىن قېچىش ئۈچۈن ئېيتىمدۇق . چۈنكى بالا- مۇسىبەتلەر جانابىي اللەنىڭ دەۋەت ئەھلىنى ئىمتىھان قىلىش ، سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان ئىلاھىي قانۇنىيەت بولۇپ ، ئۇنىڭدا نىجادلىق بار . ئۇنىڭدا مۇۋەپپىقىيەت بار. ھەمدە ئۇ اللەنىڭ دەۋەت ساھىبلىرىغا بېرىدىغان نېمىتىدۇر. « الم ئىنسانلار ئىمان ئېيتتۇق دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي ، تەرك ئېتىلىمىز دەپ ئويلامدۇ ؟ » ( 29.سۈرە 1-2.ئايەتلەر ) « ئى مۆمىنلەر جامائەسى، اللە سىلەردىن (ھەقىقىي ) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا- مۇشەققەتلىرىگە ) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى

ئايرىماي تۇرۇپ ) ، پەقەت ئاغزىڭلاردا ‹ ئىمان ئېيتتۇق › دېيىش بىلەنلا جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر ؟ » (3سۈرە 142 .ئايەت )

يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلگەن بىخەتەرلىك مەسىلىسى

اللەدىن تىنچ – ئامانلىقنى پەقەت ئېغىزاكى جەھەتتىنلا تىلەش

بولماستىن ، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكەت جەريانىدىمۇ تىلەش كېرەك ، مۇسۇلمانىنىڭ نەزەر دائىرىسى ، ئىلىم دائىرىسى ئاسمان چەكسىزلىكىدەك كەڭ بولۇشى كېرەك . ئۆزىنى ، دەۋەت ئەھلىنى

ئوراپ تۇرغان موھىت – شارائىت ، ۋەزىيەت –رىئاللىقنى ئوبدان

بىلىشى كېرەك ، بىلمەستىن ھېچبىر تەدبىر – بىخەتەرلىك

پىلانلىرىنى قوللانماستىن ياكى ئىشلىتىشنى بىلمەستىن ، ئۆزىنى ياكى بۇرادەرلىرىنى ، دەۋەت ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى ئورۇنسىز زىيانغا ئۇچراتماسلىق كېرەك ، دىگەن مەسىلىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتكە ئۆزىنى بېغىشلىغان كىشىلەر مۇشۇ پايدىنى ئۈبدان چۈشىنىشى ، ئىشلىرىغا داۋاملىق رىغبەت قىلىشى ، ئۇنىڭدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋالماسلىقى ، ھەرتەرەپتىن ئۆزىنى ۋە دەۋەتنى چىرماپ تۇرغان ۋەزىيەت شارائىتنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ، مۆمىنىنىڭ پاراستى، زېرەكلىكى ۋە ھوشيارلىقى مەيدانىدا

تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشى ، دىنغا زىيان – زەخمەت يېتىپ قېلىشىنىڭ

ئالدىنى ئېلىشى ، دىننى ئومۇلاشتۇرۇشقا قىزغىن رىغبەت قىلىشى ، مۇۋەپپىقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىنتىلىشى لازىم .

# 10.دەرس مەخپىيەتچىلىك

## مۇۋەپپىقىيەت يولىدۇر

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ :« قەلبلەر قاچىلار (تاغار- خالتا ) غا، كالپۇك قۇلۇپقا ، تىللار ئاچقۇچلارغا ئوخشايدۇ . ھەربىر ئىنسان ئۆز مەخپىيەتچىلىكىنىڭ ئاچقۇچىنى چىڭ ساقلىشى لازىم .» دىگەن .

كۆپ ھاللاردا مەخپىيەتچىلىك ئىشلارنىڭ تولۇق ئادا قىلىنىشىغا ، مۇكەممەل تاماملىنىشىغا ياردەم بىرىدىغان ، مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بىز تاللاپ ئىشلىتىشكە تىگىشلىك ، تولىمۇ مەنپەئەتلىك بولغان بۇ مەخپىيەتچىلىك مەسىلىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت ۋەقەلىكىدىكى ئېنىق رىئاللىقتا ئىگە موھىم ئەمەلىي دەرسلىكتە مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى:

1. ئەينى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلماقچى بولغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئورنىدا يېتىپ ، مۇشرىكلارنىڭ كۆزىنى بەند قىلماقچى بولغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، ئۆڭكۈردە ۋە مەككە – مەدىنە ئارىلىقىدىكى يولدا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، ئىزلارنى يوقىتىش ئۈچۈن قوي ھەيدەپ ماڭىدىغان ئامىر ئىبنى بۇھەيرە ، يول باشلاش ئۈچۈن ياللانغان مۇشرىك ئابدۇللا ئىبنى ئۇرەيقىت قاتارلىق ھىجرەت جەريانىدىكى موھىم كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم بىلمىگەن ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇنداق تارىخى بۇرۇلۇش

ياسايدىغان ئەھمىيەتلىك ھادىسگە نىسبەتەن ئىشلىتىلگەن كىشىلەرنىڭ سانى كۆپ ئەمەس.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى بىلەن ھىجرەت ئىشى توغرىسىدا مەسلىھەتلەشمەكچى بولغىنىدا ، ئۆيدىكى كىشىلەرنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ ئىككىسلا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: « رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم چۈش ۋاقتىدا ئۆيىمىزگە كەلدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇنداق چاغدا كېلىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندە ، ئاتام كارىۋىتىدىن كەينىگە سۈرۈلۈپ ئورۇن بوشاتتى . رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئولتۇردى . ئاتامنىڭ قېشىدا مەن ۋە ئاچام ئەسمادىن باشقا ئادەم يوق ئىدى . ئۇ ئاتامغا ، ـ قېشىڭدىكى كىشىلەرنى سىرتقا چىقىرىۋەتكىن ، ـ دىگەن ئىدى . ئاتام ، ـ ئى رەسۇلۇللا ، ئۇ ئىككىسى مىنىڭ

قىزلىرىم ، ساڭا ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇن . — دىدى.»

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىشىنى سىر تۇتىدىغان ، ئىككىسى ئالدىدا قىلىنغان ھىجرەت ئىشى توغرىسىدىكى سۆزلەرنى چىڭ ساقلايدىغان ، مەخپىيەتچىلىكنى قەتئىي ئاشكارىلىمايدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن بولسا ھەرگىز چىڭ تۇرمايتتى.

ھەققەتەنمۇ ھىجرەت ۋەقەلىكى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۇلارنى ئاقلاشنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىدى. چۈنكى ئەبۇبەكرى ئۇلارنىھېسسىياتقا تايىنىپ ئاقلىماستىن ، بەلكى تەربىيىنىڭ ياخشى بولغانلىقىغا قارىتا ئاقلىغان ئىدى. تارىخ ۋە تەرجىمھال كىتابلىرى يېزىپ قالدۇرغاندەك ئىسلىزادە ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى

رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھىجرەت جەريانىدا تەسۋىرلىگۈسىز رولى جارى قىلدۇرۇلدى.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا كۈن تىك چۈش بولۇپ ، قۇياشنىڭ تەپتىدىن يەر-جاھان تونۇردەك قىززىپ كەتكەن ، مەككىنىڭ كوچىلىرى ياكى جىلغىلىرىدا بولسۇن ئادەم كۆرۈنمەيدىغان ، ئادەملەر ئۆيلىرى ياكى باغلىرىدا ئارام ئالىدىغان ، مەخپىي ئىشلارنى قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئاجايىپ ماس كەلگەن موھىم ۋاقىتتا ، بىرەركىشى تونۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىمام بۇخارى رەھمەھۇللا رىۋايەت قىلغاندەك بېشىنى ئورىۋالغان ھالدا كەلدى . شۇنداقلا ئۇئىككىسىنىڭ ئۆيدىن چىقىشمۇ ئۆزگىچە مەخپىي بولدى . ئۇلار بىرەر كىشىنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھويلىنىڭ ئالدى دەرۋازىسىن چىقماي ، ئارقا تەرىپىدىكى كىچىك ئىشىكتىن چىقتى.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوقاردا تىلغا ئېلىنغان كىشلەرنىڭ بىرەرسىگە ئۆزىنىڭ ھىجرەت قىلماقچى بولغانلىقىنى پەقەت ئاخىرقى مىنۇتلاردىن باشقا ۋاقىتتا ئۇقتۇرمىغانلىقى سىرنىڭ پاش بولۇپ قالماسلىقى ، مەخپىيەتچىلىكنىڭ ئاشكارا بولۇپ قالماسلىقى ، ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭ سىر ساقلىيالماسلىقتىن بىرەر خېيىم خەتەرنىڭ كىلىپ چىقماسلىقى ، دۈشمەنلەرگە قۇيرۇق تۇتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن بولغان.

مانا بۇ دەرسلىك بىزگە سىر ساقلاشنىڭ ، مەخپىيەتچىلىكنى يوشۇرۇشنىڭ نەقەدەر موھىملىقىنى ، ئورنىنىڭ نەقەدەر يوقىرىلىقىنى

كۆرسىتىدۇ . ئومۇملۇقىنى نەزەردە تۇتقاندا سىر ساقلاش – ئۇنى پاش

قىلىۋەتمەسلىك ، ئىسلامىي مەجبۇرىيەت جەھەتتىن تەلەپ —

ئۆلچەم ، ئىسلامىي ئەدەب ، تەلىم — تەربىيە جەھەتتىن مەرغۇب بولغان بولسا ، ئىسلامىي دەۋەت ھەرىكىتىدىكى ئىشلاردا بولسا تېخىمۇ ئەۋزەل ، تېخىمۇ ۋاجىپتۇر. مەيلى ئۇ سەندىن ، مەيلى باشقىلاردىن بولسۇن ، ئۆز مەنپەئەتىڭ ياكى باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولسۇن ئوخشاشتۇر.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىمۇ يوقارقىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار بار: اللەتەئالا ئۇنىڭ ئاتىسى يەئقۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سىر ساقلاشنىڭ ئەھمىيتى،مەخپىيەتچىلىكنى ساقلاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئۆگەتكەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ:«ئاتىسى (يەنى يەئقۇپ ئەلەيھىسسالام ) ، ـ ئى ئوغلۇم ، چۈشۈڭنى قېرىنداشلىرىڭغا ئېيتمىغىن ، ساڭا سۇيقەست قىلىپ سالمىسۇن ، شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر ، ـ دېدى . » (12.سۈرە 5.ئايەت )

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : « مەخپىيەتچىلىكىڭ قولۇڭدىكى ئەسىرىڭدۇر . ئۇنى باشقىلارغا ئاشكارىلىساڭ ، سەن ئۇنىڭ ئەسىرگە ئايلىنىسەن . مەخپىيەتچىلىك ئېغىزىڭدىن چىقىشتىن بۇرۇن سەن ئۇنى باشقۇرىسەن ، ئېغىزىڭدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئۇسىنى باشقۇرىدۇ. » دېگەن ئىدى . بۇرۇنقىلاردەيدۇكى، ئۆز مەخپىيەتچىلىكنى ساقلىيالىغان كىشى ئىككى تۈرلۈك ياخشى خىسلەتكە ئېرىشىدۇ .بىرى : ئۆز ھاجىتىدە غەلىبىگە ئېرىشىدۇ . يەنە بىرى : باشقىلارنىڭ بىسىم قىلىشىدىن سالامەت قالىدۇ.

بۇ شەخسلەرگىلا خاس ئىش بولماستىن ، بەلكى

شەخسلەر ، ئائىلىلەر ، جامائەتلەر ۋە دۆلەتلەرگە ئارا ئومۇمىي ئىشتۇر . چۈنكى بۇلارنىڭ ھەربىرى ۋە ھەممىسى ئۆز مەپپىيەتچىلىكنى ساقلاشقا ، بىرەر كىشىنى خەۋەردار قىلماسلىققا تىگىشلىك.

سىز خەلقئارادىكى چوڭ دۆلەتلەر بولسۇن ياكى كىچىك دۆلەتلەر بولسۇن ، ئۆز دۆلىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، خەلقلەرنىڭ بىخەتەرلىكنى ساقلاش ، پارچىلىنىش ۋەيىمىرىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، مەخپىيەتچىلىكى ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقى ،

دۈشمەنلىرى ئىچكى ئىشلىرىنى بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مىزان –

ئۆلچەم بېكىتكەنلىكىنى ، ھەرخىل ۋاستىلەر ئارقىلىق مال –

ئىقتىسادىنى ئايىماي سەرپ قىلغانلىقى ، ئاخبارات تۈرلىرى ۋە جاسۇسلۇق ئورگانلىرى تەسىس قىلغانلىقىنى ، دۆلەتلەر ئارا بىر

–بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى ۋە مەخپىيەتچىلىكىگە پۈتۈن دىققىتى

بىلەن خېرىس قىلغانلىقىنى بىلىۋاتىسىز، كۆرۈۋاتىسىز . بىزمۇ ھەم شۇنداق.

مانا بۇ ئۆز مەخپىيەتچىلىكى ياكى باشقىلارنىڭ مەخپىيەتچىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

ئەقىللىق ، چېچەن ئادەم – سىرنى يوشۇرۇشقا ۋە ئۇنى چىڭ

ساقلاشقا قادىر بولغان ، ئۇنى پاش قىلمىغان ، باشقىلارغا دەپ بەرمەيدىغان ئادەمدۇر. ئۆز سىرىنى ساقلاشقا قادىر بولالمىغان ئادەمگە ئامانەت قويغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئامانلىق بولمايدۇ . بۇنداق ئادەمگە ئىش تاپشۇرۇشقا ، موھىم ۋەزىپىلەرگە بۇيرۇشقا ،

مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە تەكلىپ قىلىشقا بولمايدۇ . تالاي ئادەملەر مەخپىيەتچىلىكلەرنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقتىن قانلىرى تۆكۈلدى ، ئارزۇ – ئارمانلىرىغا يېتەلمەي ئوتتۇرا يولدا كۆزى يۇمۇلدى . ياكى ئۇنىڭ سەۋەبىدىن باشقىلارنىڭ قانلىرى تۆكۈلدى . ئەگەر ئۇ سىر ساقلىغان بولسا ، ئۆزىگە ياكى ئۆزگىگە زىيان – زەخمەت يېتىشتىن ، باشقىلارنىڭ ئوۋ نىشانىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلانغان بولاتتى.

بەزى كىشىلەرنىڭ «ھەممە ئادەملەرگە سىر ئېيتىپ يۈرۈش ئەخمەقانىلىق ، يەنى كۆڭۈلدىكى ئادەملەرگە سىرىنى ئېيتسا بولىدۇ . »دىگەن قارىشى خاتا . چۈنكى ، سىر – يوشۇرۇشقا تېگىشلىك ئومۇمىي تەلەپلەرنىڭ يىغىنچاقلاپ ئاتىلىشىدۇر. » شۇنىڭ ئۈچۈن سىرىڭنى ئۆزۈڭ بىلگىن ، ئۇنى مۇناسىۋەتسىز ئىرادىلىك كىشىگىمۇ ئېيتمىغىن ، سىرىڭ ئۇنى تۈگەشتۈرىۋېتىدۇ . نادان كىشىلەرگە تېخىمۇ ئېيتمىغىن ، ئۇ خىيانەت قىلىدۇ.

ئەمىنەگە ئىبنى قەيسىنىڭ « سىنىڭ قەلبىڭدە پاتمىغان سىرىڭ باشقىلارنىڭ قەلبىگە قانداقمۇ سىغسۇن ؟ بىر ئادەم قەلبىگە سىغمىغان سىرنى بىراۋغا ئېيتىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن ، ئەھدە ئېلىپ ئېيتىپ بەرگەن بولسا بۇنىڭدىن تىز ۋە كەڭ تارقىلىدىغان بىرەر نەرسە بولماس . » دىگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

ئەقىللىق ئادەم كەئىب ئىبنى سەئىدغەنەۋىينىڭ مۇنۇ شئېرىي مىراسىنى ئۆزىدە شەكىللەندۈرىدۇ.

ئۆز سىرىمنى باشقىلارغا ئېيتمايمەن ھەرگىز ،
بىراۋلارنىڭ سىرىنى ئۇقۇشتىن ھەم قىلىمەن پەرھىز .

بىز بۇ دەرسلىك ئۈستىدە سۆزىمىزنى سەل تەپسىلي بايان قىلدۇق . چۈنكى سىر ساقلاشتا ئىشەنچلىك كىشىلەر باشقا ئەھۋاللاردىكى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاز تېپىلىدۇ . سىر

ساقلاشتىن مال — مۈلۈكلەرنى ساقلاش ئاساندۇر . چۈنكى مال —

مۈلۈكنى يوغان دەرۋازا ، چوڭ قۇلۇپ ، مەخپىي ھوجرىلاردا ساقلىغان بىلەن ، مەخپىيەتچىلىكنى سۆزمەن تىللاردا ساقلايمىز . « تىل يۈگۈرىكى باشقا ، ئېغىز يۈگۈرىكى ئاشقا . » دىگەندەك ، تىللارنى باشقۇرماق ئاساۋ ئاتنى باشقۇرغاندىن تەس. سىر ساقلاش ئېغىر يۈك كۆتۈرۈشتىن تەس ، چۈنكى ئادەم يۈكنى كۆتۈرۈپ ئاستا

— ئاستا قەدەم ئېلىپ ئېگىشمەي ماڭالىسمۇ ، قەلبتىكى سىرلار

بىئارمچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلغانلىقتىن ، يۈك كۆتۈرگەندە تارتمىغان خاپىلىقلارنى تارتىدۇ. ئۇنى پاش قىلغۇەتسە ، كىشىلەر ئارىسىدا تارقىتىۋەتسە كۆڭۈل ئارام تېپىپ خۇددى ئۈستىدىكى ئېغىر يۈكنى تاشلىۋەتكەن ئادەمدەك يەڭگىللىشىپ قالىدۇ . ئەمما ئاقىۋەت تولدۇرغۇسىز زىيانلارغا ، دۇنيا- ئاخىرەتلىك

ھەسرەت — نادامەتكە سەۋەب بولىدۇ.

خۇسۇسەن ، مەسئۇلىيەتچان ، قابىلىيەتلىك ، جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن خەۋىرى بار ئاڭلىق دەۋەتچىلەر بۇدەرستىن ساۋاق ئېلىشى ، الله يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ نەتىجىلىك تاماملىنىشى ئۈچۈن چوقۇم مەخپىيەتچىلىك مەسىلىسىگە ئەستايىدىل دىققەت قىلىشى لازىم .

# 11.دەرس زۇرۇر تېپىلغاندا

# نىقاپلىنىۋېلىش

ئىسلام كۆرسەتمىسىدە قوغداش موھىم قاتارغا كىرگۈزۈلگەن جان

، دىن ، يۈز – ئابروي ، نەسىل ۋە مال ( ئۆزى ياكى باشقىلارنىڭ )

قاتارلىق بەش تۈرلۈك نەرسىنى ياكى بىرسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھالقىلىق پەيتتە دۈشمەنلەرنىڭ سوئاللىرىغا ئوچۇق جاۋاب بەرمەي كىنايە گەپ قىلىش ، گەپ يورغىلىتىش ۋە يوشۇرۇش يالغانچىلىق ھېسابلانمايدۇ.

بۇ ئۇسۇلنى «گۇناھ بولىدۇ» دەپ قارىغانلىقتىن ، بەزىدە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇسۇلنى قوشۇن ئەۋەتىش ، جىھادقا يۈرۈش جەريانلىرىدا ۋە باشقا چاغلاردا ، ئومۇمەن جانلىق قوللانغانلىقتىن ئوچۇق دەرسلىكتۇر ، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت دەرسلىكلىرى ئىچىدىكى بىر دەرستۇر.

سەھىھۇل بۇخارىدا ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: اللەنىڭ پەيغەمبىرى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ ئالدىدا ئۇلاغقا مىنىپ ماڭغان ئىدى. ئەبۇ بەكرى ھەممىگە تونۇشلۇق مەشھۇر كىشى ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم كىشىلەر تونۇمايدىغان قىران ياش ئىدى . بۇلارغا ئۇچرىغان ئادەملەر ئەبۇ بەكرىدىن" بۇ كىشى كىم ؟ "دەپ سورىسا ، ئەبۇبەكرى : "يول باشلىغۇچۇم ."دەپ جاۋاب بىرەتتى. كىشىلەر «ماڭىدىغان يولدا

يول باشلىغۇچى ئوخشايدۇ . » دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئەبۇ بەكرى «ھەققەت يولىغا ، ھىدايەت يولىغا باشلىغۇچى » دىگەن مەنىنى كۆزدە تۇتاتتى.

مانا بۇ دەرس قىسلىپ قالغان ، بېشىغا قاتتىق كۈن چۈشكەنلەرنىڭ ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئەزىيەت ۋە ھالاكەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان ، قوغدايدىغان كاتتا دەرسلىك . ئۇنىڭ ئۈستىگە يالغان ئېيتىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى قىممەتلىك دەرس .

لېكىن بۇ ئىشلار دىنىي مەسىلىلەردە دىن ھۆكۈملىرىنى مەنسىتمەسلىك ياكى دىن تەلىماتلىرى بىلەن ئوينىشىش قاتارلىق ئىشلاردا رۇخسەت قىلىنمايدۇ . چۈنكى بۇ ئۇسۇل ھەرخىل شارائىت ياكى ئەھۋاللاردا زورلىنىش ياكى قىستىلىشقا ئۇچرىغا كىشىلەرنىڭ مەخپىيەتچىلىكىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق ، سىردىن باشقىلارنى خەۋەردار قىلىپ قويماسلىق ، جان ، دىن ، ئابروي، نەسىل ، ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ مال – مۈلكىنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن بېكىتكەن شەرىئەت تۈزۈمىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :

«ھەققەتەن قاتتىق خىيىم – خەتەرلەرگە دۇچ كەلگەندە ، ئەلۋەتتە يالغان ئېيتىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت بار . » دىگەن . (ئىمام بەيھەقى ـ «ئىمان پۇتاقلىرى» دىن )

بەلكى بۇ دەرستىن ئېنىقكى ، باشقا كۈن چۈشكەن ۋە خەتەرلىك پەيتلەردە (كاپىرلار تەرىپىدىن تۇتۇلغان ، قوغلانغان ، قورشالغان ، ھەرخىل تەكشۈرۈشلەرگە ، ئالۋان – سېلىقلىرىغا دۇچ

كەلگەن چاغلاردا)مۇشۇ دەرستىن پايدىلىنىش ، پائالىيىتىگە ، گەپ

– سۆزلىرىگە تەدبىقلاش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش- باشقىلارنى

بولسا قوغداپ قىلىشلا بولماستىن ، اللەنىڭ ئەجرى – مۇكاپاتىغا

ئېرىشىدىغان ئىشتۇر .

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم :«مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىدۇر، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ (ئەيىپلىمەيدۇ، رەسۋا قىلمايدۇ )،كىمكى ئۆز قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولىدىكەن، الله ئۇكىشىنىڭ ھاجىتىدە بولىدۇ ، كىمكى بىر مۇسۇلماندىن بىرەر خاپىلىقنى كۆتۈرىۋېتىدىكەن ، الله ئۇكىشىنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى خاپىلىقلىرىدىن بىر خاپىلىقنى كۆتۈرىۋېتىدۇ. »دېيىلگەن . ( سەھىھۇل بۇخارى )

سىر يوشۇرۇش ، نىقاپلىنىش ، گەپ ئەگىتىش قاتارلىقلارمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ (شەخىس ياكى جامائەت بولسۇن ) ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنىڭ زىيان تارتىشىغا سەۋەب بولماسلىق شەرتى بىلەن تەشەببۇس قىلىنىدىغان ئۇسۇلدۇر. مۇسۇلمانلارغا يېتىدىغان زىيان

– زەخمەت ۋە ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى مۇھاپىزەت قىلىش

، سىر يوشۇرۇش ، نىقاپلىنىۋېلىش ، كىنايە ئىشلىتىش – تېخىمۇ

مۇقەددەس ، تېخىمۇ ئەۋزەل ۋاجىپتۇر. چۈنكى ئۆزىنى نىقاپلاش ۋە دالدىغا ئېلىش ئۆزىنى ياكى باشقا شەخسلەرنى ياكى ، جامائەت ،

ئۈممەتنى كاپىرلارنىڭ ئەزىيەتلىرى ، ھىيلە — مېكىر ،

سۈيىقەستلىرى ، زۇلۇم ، جەۋرى — جاپالىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش

ئۈچۈن قوللىنىشقا بولىدىغان تاكتىكا . لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ
بېشىغا بۇ كۈنلەر چۈشكەندە ئۆزىنى نىقاپلاش ، دالدىغا ئېلىشنىڭ
نىمە ھاجىتى ؟!!
شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتچىلەر ئاگىلىق ، سەگەك ۋە ھوشيار بولۇشى

، دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە — مېكىرلىرى ۋە سۇيىقەستلىرىگە يىراقنى

كۆرەر دانالىقى بىلەن يالغان ئېيتىشقا سەۋەب بولماستىن كىنايە ۋە

ئۇستىلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇشى ، كۈتۈلمىگەن ۋەقە —

خەتەرلەرنىڭ ، ئاقىۋىتىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئورۇنسىز
كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تاكتىكىلارنى جانلىق
قوللىنىشقا ماھىر بولۇشى لازىم .

# 12.دەرس دۈشمەن سەپلىرىدە كۆز قۇلاقلارنى قويۇشنىڭ موھىملىقى توغرىسىدا

مۇسۇلمانلار دۈشمەن سەپلىرى ( ئىسلامغا ، مۇسۇلمانلارغا قارشى بىرلىكسەپ تۈزگەن كاپىرلار ، تاغۇتلار ، ئەلمانىيلار سەپلىرى )ۋە ئىسلامىي ھەرىكەتكە ئۆچمەنلىك قىلغۇچىلار ئىچىدە ئىشەنچلىك ، ئىقتىدارلىق ، مەسئۇلىيەتچان، سەزگۈر بولغان رازۋىتچىكلارنى ، ئايغاقچىلارنى قويۇشى كېرەك . چۈنكى بۇ ھەق ياردەمچىلىرى بىلەن باتىلنىڭ ياردەمچىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەبىدى داۋاملىشىدىغان تەبىئىي مۇناسىۋەت ، شۇنداقلا ۋەزىيەت كەسكىن تەلەپ قىلىدىغان ئۇرۇش تەدبىرلىرىنىڭ بىرىدۇر .

شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، سۇ ئۇخلىسا ئۇخلايدۇ ، دۈشمەن ئۇخلىمايدۇ. اللەنىڭ دۈشمەنلىرى ، ئىسلامنىڭ خۇسۇمەتچىلىرى ئىسلامنى يوقىتىش ، ئىسلامنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى يەرگە ئۇرۇش ، مۇسۇلمانلارغا زەربە بېرىش ، قوشۇنلىرىنى ، بىرلىك

سەپلىرىنى پارچىلاش ، مەقسەت ، نىشان – غايىلىرىگە يېتىشتىن

توسۇش ياكى پۈتلىكاشاڭ پەيدا قىلىش ئۈچۈن مىنۇت –سىكونت

بىخۇد بولماي، ھارماي – تالماي ئىزچىل تىرىشماقتا. مۇسۇلمانلار

ئارىسىغا ئايغاقچىلار ۋە ئىشپىيۇنلار تارقىتىشقا ئۇرۇنماقتا . ھال - ئەھۋالىمىزدىن خەۋەردار بولماقتا . ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ بىر پۇرسەت ياكى پايدىلىق ئامالالرنى قولدىن بەرمەيدۇ.

مەن بۇ گەپنى ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا خۇسۇسەن ، ئىسلام ئالدىنقى سەپلىرىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان بايراقدارلارغا ئېيتماقچىمەن . ئەي ، ئىسلامنىڭ پىداكار ئوغلانلىرى ! دەۋەتنى ھىمايە قىلىش ، ئۈستۈنلۈك شەرىپىگە ئىگە قىلىش ، ئىسلام تۇغىنى كۆككە كۆتۈرۈش ، بارلىق ئىسلام تەۋەلىكلىرىنىڭ شان – شەرىپىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتى رۇخسەت قىلغان بارلىق ۋاستىلەردىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

ئاشۇ ۋاستىلەردىن بىرى : دۈشمەن سەپلىرى ئىچىگە تىلىڭ-تىڭچىلار ، ئايغاقچىلارنى كۆپلەپ ئەۋەتىپ ئۇلار ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئىچكى ئىشلىرىدىن ، ھىيلە – نەيرەڭلىرى ۋە تەييارلىقلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇش كېرەك . «چۈنكى خۇسۇمەتچىلەر ئىچىگە بىۋاستە ئايغاقچىلارنى ئەۋەتمىگەندە قوماندانلىق شتابىغا يېتىدىغان خەۋەرلەر راست خەۋەرلەر بولماستىن بەلكى يالغان ياكى تەخمىنىي خەۋەرلەر بولۇپ قالىدۇ. تەخمىنىي خەۋەرلەر بەزىدە راست بولسىمۇ ، كۆپىنچە يالغان چىقىدۇ .»( «ھەرىكەت قوللانمىسى » 190.بەت )

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغان . ( سەھىھۇل بۇخارى)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىلەن ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىسى سەۋرى غارىدا ئۈچ كۈن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇش جەريانىدا ، كەچقۇرۇن كېچە قاراڭغۇسىدا ئابدۇللا ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قېشىدا قونۇپ ، ئەتىگىنى تاڭ يورۇشتىن

بۇرۇن مەككىگە قايتىپ كېلىپ ، قۇرەيشلەر ئارىسىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈپ ، ئۇلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋە ئاتىسى توغرىلىق تىڭ تىڭلاپ ئاڭلىغان ـ بىلگەنلىرىدىن ئۇچۇر توپلايتتى. ئۇ تولىمۇ زېرەك ، ھوشيار ، سەگەك ، چېچەن يىگىت بولغانلىقتىن قۇرەيشلەردىن ھېچ بىر قىينالماستىن خەۋەرلەرگە

ئىگە بولاتتى – دە، كەچ كىرگەن ھامان ئۆڭكۈرگە بېرىپ

ئەھۋاللاردىن ئۇلارنى خەۋەرلەندۈرەتتى. تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى مەككىگە قايتىپ كېلىپ ئۇچۇر توپلايتتى. ... »(سەھىھۇل بۇخارى )

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ اللەنىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى ، ئىگىسى ئۇنىڭغا بولغۇسى ئىشلاردىن

خەۋەر بېرىلىپ تۇرىدىغانلىقى ، ياردەم – نۇسرەتكە ئىگە

ئىكەنلىكى ، بارچە ئەيىب- نۇقساندىن پاك بولغان اللە

دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە – مىكىرلىرى ، سۇيىقەستلىرى ۋە پىلان –

تەدبىرلىرىنى ئۇنىڭغا ئالدىن خەۋەر بېرىپ تۇرۇشى ئۇنى بۇ تاكتىكىنى قوللىنىشتىن بىھاجەت قىلمىدى . چۈنكى اللەنىڭ ئالەمدىكى ھەربىر قانۇنىيىتى سىرلىق ئەمەس ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھاياتىمۇ دەل مۇشۇنىڭ ئىچىدە ...

بۇ يەردە يېڭىدىن ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ، بەلكى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ مۆمىن جامائەتنى ، ھەر تەرەپتىن دۈشمەننىڭ ئوقلىرى يېغىۋاتقان ، قاتمۇ- قات چەمبەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بۇ مۆمىن جامائەتنى ئەمەلىي مەشقلەر ئارقىلىق تەربىيلەش مەسلىسى بار!!!

لېكىن بۇيەردە ئىمان ئېيتقان ئۇممەتكە ھەربىر ئەمىر ۋە شەھەردىكى بارلىق ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئوق ياغدۇرۇش ، خەنجەر ئۇرۇش ، قېنىنى تۆكۈشكە تەييار تۇرىدىغانلىقنى بىلدۈرۈپ قويۇش بار....

لېكىن بۇيەردە ئىسلام ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان بارلىق ئىسلام ئەۋلادلىرىغا ئەگەر ئۇلار ئامانەتنى ئادا قىلىش ، ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈشتە توغرا يولدا مېڭىشنى ئىزدەيدىكەن ، مۇشۇ ئىشقا ئەھمىيەت بېرىش ، ئېسىدە چىڭ تۇتۇش ، بىپەرۋالىق قىلماسلىق ، سەل چاغلىماسلىق ۋە ئاگاھلاندۇرۇش مەسلىسى بار...

مانا بۇ مەيلى خوشال – خۇرام ، مەيلى جاپا – مۇشەققەتلىك

چاغلاردا بولسۇن ، مەيلى كۆڭۈل ئازادە ، مەيلى غەمكىن چاغلاردا بولسۇن ، سۇ سۈزۈك ياكى لېيىغان چاغلاردا بولسۇن ، چوڭ ئىشلار

ھەتتا كىچىك ئىشلاردابولسۇن ، مىنۇت – سكونت غاپىل

بولماسلىقتا ، ئاددىي كۆرمەسلىككە تىگىشلىك ئەھمىيەتلىك ئىشتۇر . چۈنكى ئۇشتۇمتۇتلا خوشاللىق قايغۇغا ، ساپلىق ئەكسىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

چوڭ – كىچىك ئىشلار ھەتتا كاتتا ـكاتتا ئىشلارنىڭ

مۇقەددىمىسى بولۇپ قالىدۇ، بەلكى ئەقىللىق مۆمىن قوماندان ھەرۋاقىت ئۆز دەۋىتىگە كېرەكلىك كىچىككىنە شەيئىنىمۇ ئاددىي كۆرمەيدۇ.

يوقارقىدەق ۋەزىيەلەرنى ئۈستىگە ئالغان كىشلەر ئۆز ۋەزىپىسنى ئادا قىلىش ، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئورۇنلاش

جەريانىدا اللەتەئالا ئۈچۈن قۇللۇق قىلىۋاتقانلىقى ( ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقى ) نى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقى ، اللەنىڭ

رازىلىقىنى تەلەپ قىلىشى ، ھەرگىزمۇ مال – دۇنياغا ئېرىشىش ،

پۇل – مال ئۇندۇرىۋېلىش ، ئۆزگە يەتكەن بىرەر مۇسىبەت ئۈچۈن

قىساس ئېلىشنى كۆزلىمەسلىكى كېرەك.

سەھىھۇل بۇخارىدا بايان قىلىنغان بىر ھەدىستە : مۇشۇ موھىم ۋەزىپىنى ئۆتەش جەريانىدا تەلەپ قىلىنغان قىسمەن سۈپەتلەرنى ئېنىق بايان قىلىش بىلەن بىرگە ، بولمىسا بولمايدىغان مەخسۇس شارائىتلار تەلەپ قىلىدىغان تەخرىسىز زۆرۈرىيەتلەرنى قوشۇپ ئىپادىلەيدۇ . ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ ۋە بۇنى كەسكىن شەرت قىلىدۇ . مەسىلەن : ئەۋرەتلەرگە قاراش ، شەرىئەت ھارام دەپ بېكىتكەن جىنايى قىلمىشلارنى قىلىش ، خىزمەت جەريانىدا بىخەستەلىك قىلىش ... دېگەندەك . (ئىسلام شەرىئىتى : 007 جاسۇسلىرىغا ئوخشاش جىنايى قىلمىشلار بىلەن ئايغاقچىلىق قىلىشنى قەتئىي چەكلەيدۇ-ئاپتوردىن )

ئەھمىيەت بىرىشكە تېگىشلىك يەنە بىر موھىم مەسىلە : شەخسلەرنىڭ رەھبەرلىك تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنماي ياكى تاللانماي تۇرۇپ ، ئۆز مەيلىچە جاسۇسلۇق بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ . ئەگەر سەللا بىخەستەلىك قىلغاندا ئىش ئارتۇقچە بولۇپ ، باشباشتاقلىق يۈز بېرىدۇ . ھەركىم ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلىدىغان ئىنتىزامسىزلىق يۈز بېرىدۇ ، دەۋەتكە ۋە دەۋەت ئوغلانلىرىغا پايدىسىز ئامىللار ، يامان ئاقىۋەتلەر مەيدانغا كېلىدۇ.

مۇسۇلمانلاردا ، خۇسۇسەن، دەۋەت ھەرىكەتچىلىرىدە مۇشۇ تىمىدىكى مەخسۇس دەرسلىكلەر ، ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەر بولۇشى ، ئۇلارنى تەربىيلەيدىغان مەكتەپلەربولۇشى لازىم . چۈنكى دۇنيادىكى ھەممە دۆلەتنىڭ ئايغاقچى تەربىيلەيدىغان مەكتەپلىرى ، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بار، مۇشۇ تىمدا تۈزۈلگەن دەرسلىكلىرى ۋە قوللانما دەستۇرلىرى بار.( ماكياۋىللىنىڭ « ھۆكۈمدارلار دەستۇرى » ، سۇنزىنىڭ « ھەربىي ئىشلار دەستۇرى » بار- تەرجىماندىن )دىمەك، مۇشۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۈتۈق قازىنىشى ، ئىشلىرىنى مۇۋەپپىقيەتلىك بىجىرىشى ئۈچۈن ياخشى تەربىيلىنىشى ، تەربىيلەنگەن بۇكىشلەرنى دۈشمەنلەر سېپىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا سىڭدۈرۈپ كىرگۈزۈپ مەخپىيەتچىلىكلىرى ، سۈيقەستلىرى ، ۋە

پىلان ـ لاھىيلىرىدىن ۋاقتى – ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش

لازىم .

يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ ئۆتىمىزكى، مەيلى ئومۇمىي مۇسۇلمانلار بولسۇن، ياكى ئىسلام ھەرىكەت ئىگىلىرى بولسۇن ، ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا شەرئەت چەكلىگەن ياكى ئەخلاققا زىت ياكى باشقا قىلمىشلار بىلەن شوغۇللانماسلىقى ، ھەق يولدىن ئادىشىپ كەتمەسلىكى شەرت. خۇددى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان جاسۇسلار دۇنياسىغا ئوخشاش.

بۇ دەرسلىكنى ئىسلام ئۈممىتى ياكى جامائىتى پايدىلىنىپلا قالماي، بەلكى شەخسلەر شەرئەت تەكلىپگە رىئايە قىلغان ئاساستا

دۈشمەننىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلىنىش ، زىيان – زەخمەتلىرىدىن

ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوللانسا بولىدۇ . لېكىن ئۇلاردىن بىرەر نەپكە ئېرىشىش ياكى ئەزىيەت يەتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

# 13.دەرس يوقىرى ئۆرلەشنى چىك تۇتۇش

ھەرىكەت ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىرى ، جانلىقلارنىڭ تۇغما تەبىئىتىدۇر. بارچە جانلىق مەۋجۇداتتۇر . ئۇ قاچانكى، ھەرىكەتتىن توختايدىكەن قىتىپ قالىدۇ ، تۈگىشىدۇ، ئاخىرى ئۆلىدۇ. تۈگەشكەن ياكى ھەرىكەتتىن توختىغان بۇ جامائەتنىڭ غايە مەقستى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. مەقستىگە يىتىشتىن ئىغىز ئىچىش مۇمكىن بولمايدۇ.

جامائەتتىكى ھەرىكەت ۋە بۇسەپتىكى ئوغلانلارنىڭ يوقىرىغا يامىششىغا تىرىششى تومۇرلاردا توختاۋسىز ، توسقۇنسىز ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان ئىسسىق ۋە يىڭى قاندۇركى ، ئۇ ھاياتلىقنىڭ داۋام ئىتىشىگە ، ھاياتلىقنىڭ قوغدىلىشىغا ياردەم بىرىدۇ.

لىكىن بۇ ھەرىكەتنىڭ تۈزۈمى بار ، يوقىرى ئۆرلەشتىكى تىزگىنلەش بار ! يوقىرى ئۆرلەۋاتقان ئاشۇ باھادىرلارغا شەرتلەر بار،

تەلەپ قىلىنىدىغان سۈپەت – ساپالار بار!

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامي دەۋەت مەيدانىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان كىشلەرگە ئومۇمەن ، ئىسلام ئالدىنقى سەپلىرىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان قوماندانلار بولۇپمۇ دەۋەت سەپلىرىدە يوقىرى ئۆرلەش قىزغىنلىقى ، موھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئىلىش ، مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش قىزغىنلىقىنى چىك تۇتۇش لازىم . لىكىن بۇ مەقسەت - دەۋەتنى قوبۇل قىلغان ، دەۋەت

مۇھەببىتىدىن ھەرىكەتكە ئاتلانغان ، دەۋەت سۆيگۈسى قەلبلىرىنىڭ پۈتۈن قات – قېتىغا سىڭىپ كەتكەن ، دەۋەت تەلەپ – مەقسەتلىرىگە ئاساسەن ھېس – تۇيغۇلار بارلىققا كەلگەن دەۋەتنى ياخشى ئىكانىيەتكە ئىگە قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەن ، دەۋەتنى مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشنى غايە قىلغان كىشىلەرسىز ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ . تەلەپ قىلىنغان ئاشۇ باھادىرلار بىلەن دەۋەت ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىدۇ ، مۇۋەپپىقىيەتلىك بولىدۇ . ئۇلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ھەرىكەت تەرەققى قىلىدۇ ، ئۇلاردىن باشقىلار بىلەن مۇمكىن بولمايدۇ. بۇ كىشىلەر ئىسلامنى ساغلام چۈشىنىشى ، ئۆزى ياشاۋاتقان موھىتنى ئوبدان بىلىشى ، ھادىسىلەرنى ۋە ئەتراپىدىكى ۋەزىيەتنى چۈشىنىشكە چامىسىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ، ئۈستىدىكى ئامانەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن داۋاملىق تەييارلىق كۆرۈشى لازىم . يوقارقىلارنىڭ ھەممىسىدىن بەكرەك روھىنى پاكلاشقا ، ۋىجدانىنى ياخشىلاشقا ، نەفسىنى تازىلاشقا ، داۋاملاشتۇرۇۋاتقان پائالىيەتلىرىنى سۆيۈشكە ، ساداقەت بىلەن چىڭ تۇتۇشقا ، ئۆزئارا دوستلۇقنىڭ كامالەت تېپىشىغا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم .

بىرىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىدە « ئاياللار بەيئىتى» گە ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ئەنسارىيلار مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، كۆندىلىك ئىشلىرى ئۇلارنى بۇ دەۋەتتىن توسۇپ قويمىدى . بەلكى ، ئۇلارنىڭ روھىيتى پاكلانغان ، اللەغا بەرگەن ۋەدىسىگە سەممىيلىك بىلەن ئەمەل قىلغان چاغدا الله ئۇلارغا دەۋەتنىڭ تەلەپ قىلىدىغان ھېس –

تۈيغۇلىرىنى ئاتا قىلدى . ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەت مەنپەئەتىگە كېرەكلىك ئامىللارنى تاشقى جەھەتتىن  باشقىلار تەرىپىدىن بېسىم چۈشۈرۈلىدىغان  ھېچ قانداق تاشقى كۈچسىز  ئۆزلۈكىدىن ئىزدىدى. جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ : مەدىنە ئەنسارىيلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن ھېچ بىرىدە مۇسۇلمان بولمىغان ئەر ياكى ئايال قالمىغان ئىدى . بۇ مۇسۇلمانلار بىر يەرگە جەم بولۇپ يىغىن  ئاچتى  ۋە «بىز رەسۇلىللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنى قاچانغىچە مەككە تاغلىرىدا قورقۇنچ ئىچىدە پاناھلىق ئىزدەپ

يۈرىدىغان ، دەككە – دەشنام ، تىل – ھاقارەت ئىشتىپ تۇرىدىغان

ھالەتتە تاشلاپ قويىمىز ؟ » دېيىشتۇق ۋە بىز تەرەپتىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن 70نەپەر كىشى سەپەرگە ئاتلاندى . («پەيغەمبەر  ئەلەيھىسسالامنىڭ  تەرجىمھالى  »  1.قىسىم 433ـ437ـ487.بەتلەر )

مانا بۇ ئەنسارىيلارنىڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ ، ئۆزلىرىنى پۈتكۈل ئەرەبلەر ۋە باشقا كىشلەرنىڭ ھوجۇم نىشانىغا ئايلاندۇرۇپ ، ھەممە تائىپىلەر بىر ياچاقتىن ئوق ئاتىدىغان ئىشقا ، ھەتتا يۈرەكلىك ھالدا ھاجەتخانىغىمۇ چىقالمايدىغان قىلىپ قويىدىغان چوڭ ئىشقا تۇرتكە بولغان نەرسە ـ مۇشۇ دەۋەتنى سۆيۈش ، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ، ئۇنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈشكە سەممىي تىرىشىش ، ئۇنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ رەھبىرىنى قوغداشقا سەممىي تىرىشقانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ، ئەلۋەتتە.

ئەگەر ئۇلار رەسۇلىللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە بەيئەت قىلغان ئورۇندىن  قوزغالماي ، ھېچ قانداق ھەرىكەت قىلماي

تۇرغان بولسا ئىدى، بىرىنچىدىن : ئۇلاردىكى كۈچ – تاقەتلەر

مۇزدەك قېتىپ قالاتتى. قولدىن كىلىدىغان ئىمكانىيەتلەر تورغاق كەبى توزۇپ كېتەتتى ، تىرىشچانلىقلىرى ئورۇنسىز زايا بولاتتى .

ئاشۇ پاك روھلار ئاسمان — زېمىن ۋە تاغۇ — تاشلارغا تەڭلەنگەندە

ئېغىر كۆرۈپ قۇبۇل قىلمىغان دەۋەت ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ، دەۋەت بايرىقىنى كۆتۈرۈش، ئىسلام ئەلچىلىكى يەنى«

□□□ □□□□□□□□□ □□ » دىگەن ئامانەتنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە ئادا

قىلىش شەرىپىدىن مەھرۇم بولاتتى.

رەھنامە رەھبىرىمىز ، ئالىجاناپ خوجىمىز ، پۈتۈن دۇنيا رەھبەرلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىلى ۋە ئەۋزىلى بولغان ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىزنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز ، ھەرىكەت سەپلىرىدە ئاشۇ ئەنسارىيلارغا ئوخشاش داۋاملىق يوقىرىغا ئۆرلەشكە تىرىشىدىغان ئوت يۈرەك پىدائىي ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز ئۈچۈن يەنە بىر قېتىملىق بەيئەتتە، يەنى ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىدە ئۇلاردىن ئالدىنقى بەيئەتكە قارىغاندا ، دەۋەت ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان تېخىمۇ موھىم تاپشۇرۇقلارنى ئۈستىگە ئالدىغان تولىمۇ ئېغىر ، تولىمۇ مۇشەققەتلىك ، ئەمما تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز مەنپەئەتلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان موھىم بىر بۇرۇلۇشنى بىزگە ئۆگىتىدۇ . ھەممىمىز بىلىۋېلىشقا تېگىشلىكى : مەسئۇل كىشىلەرگە

ياكى رەھبىري كادىرلارغا دەۋەتكە كېرەكلىك بولغان پىكىر —

تەكلىپلەرنى بىرىش ،نەسىھەت قىلىش ، تەنبىھ بىرىش ياكى قاتتىق

ئاگاھلاندۇرۇش ـ ھەرگىزمۇ   باللىق   قىلغانلىق   ياكى   ئىشلارغا

ئورۇنسىز  ئارىلىشىۋالغانلىق  ئەمەس  .  ئەگەر  بىرەر  پايدا  –

مەنپەئەتكە ئېرىشىش ياكى  بىرەر زىيان – زەخمەت ياكى پايدىسىز

ئاملدىن قاچماسلىق شەرتى بىلەن شۇنداق قىلىنسا ، بۇ نەسىھەت

قىلغانلىق بولىدۇ . چۈنكى : «دىن – نەسىھەتتۇر.» بىز: «ئى

رەسۇلۇللا ، كىملەر ئۈچۈن نەسىھەت ؟»دېدۇق . ئۇ : « الله ئۈچۈن ، اللەنىڭ كىتابىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ۋە مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن نەسىھەتتۇر . »دېدى. («سەھىھۇل بۇخارى» ، «سەھىھۇل مۇسلىم »دا  بايان قىلىنغان ھەدىس )

قۇرئان كەرىم بىزگە تەلىم بېرىش ، نەزەرلەرنى بۇراش ئۈچۈن مۇشۇ توغرىسىدىكى كۆرنۈشلەرنى بايان قىلىدۇ . بۇ كۆرنۈشلەردىن بىرى : ئۆز قىزغىنلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇستىدىكى ئامانەتنى ئادا قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنتىلگەن بىر  ئادەمنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ پىشۋالىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىدىن بولغان بىر پىشۋاغا نەسىھەت قىلغانلىقىدۇر:«بىر ئادەم شەھەرنىڭ يىراق چېتىدىن ئالدىراپ كېلىپ :ـ ئى مۇسا ، شۈبھىسىزكى كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشكە مەسلىھەت قىلىشىۋاتىدۇ. (شەھەردىن دەرھال) چىقىپ كەتكىن، مەن ئەلۋەتتە ساڭا سادىق كىشىلەردىنمەن ، ـ دېدى . » (28.سۈرە 20.ئايەت )

مانا بۇ ئادەم  چىن قەلبىدىن ئىنتىلگەن ۋە ئۈستىدىكى ئامانەتنى ئادا قىلماقچى بولغانلىقىدىن خالايىققا نەسىھەت قىلىدۇ : «شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن بىر كىشى ( يەنى ھەبىب نەجار )

يۈگۈرۈپ كىلىپ ئېيتتى : ئى قەۋمىم ! پەيغەمبەرگە ئەگىشىڭلار ، توغرا يولدا بولغان ( ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىغا ) سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايدىغان كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار . مەن نىمىشقا مىنى ۋە سىلەرنى ياراتقان (ئۆلگەندىن كىيىن ) دەرگاھىغا قايتىدىغان اللەغا ئىبادەت قىلماي ؟ مەن اللەدىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان

بولسام ، ئەگەر مېھرىبان اللە ماڭا بىرەر زىيان —زەخمەت

يەتكۈزمەكچى بولسا ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى مەندىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ ، ھەمدە مىنى قۇتقۇزالمايدۇ . ئەگەر ئۇنداق بولسا ( يەنى اللەدىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام مەن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا بولىمەن . مەن ھەقىقەتەن (سىلەرنى ياراتقان ) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم (ئىمانىمغا ) قۇلاق سېلىڭلار ( ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار ) ، (قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كىيىن ئۇنىڭغا ) : ـجەننەتكە كىرگىن، دىيىلدى . . ئۇ : ـكاشكى قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مىنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى ، ـ دىدى .» (36.سۈرە 20.ئايەتتىن 26.ئايەتكىچە )

شۇنىڭ ئۈچۈن اللەنىڭ رازىلىقىنى ئويلىغان ، قۇرئاننىڭ ئىنسانىيەتكە قانۇن بولۇشىنى ، اەلەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ جەمىيەتكە ئومۇملىششى مۇسۇلمان رەھبەرلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مەپەئەتى ئۈچۈن نەسىھەت قىلىشنى ئىخلاس ۋە سەممىيلىك بىلەن ئۈستىگە ئالغان ئۆز قىزغىنلىقىغا ئايلاندۇرغان ھەربىر مۇسۇلمان ئۆز تىرشچانلىقىنى سەرپ قىلىشى ، نەسىھەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەربىر ئىشنى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، قولىدىن

كىلىشىچە ۋاقتىدا ئادا قىلىشى لازىم .

شۇنىڭ ئۈچۈن رەھبىرى كادىرلار ۋە مەسئۇل كىشىلەرنىڭ سەپلەر ئىچىدە پىشىپ يېتىلگەن يۆتكىلىش ۋە دەرىجە ئۆستۈرۈشكە ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان كىشىلەرنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ دەرىجە ئاتلىتىپ ، ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. بۇ ئۇسۇل دەۋەتنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ، دەۋەت ياشلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانماي ياخشى پۇرسەتلەرنىڭ قولدىن كېتىشى ، نىشانغا يېتىشنىڭ كېچىكىشى ، دەۋەت ئوغلانلىرىنىنىڭ

قىزغىنلىقى تۆۋەنلەپ ، كۆڭلى قېلىپ كۈچ – قۇۋۋىتىنىڭ خوراپ

كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ .

ھەممىگە مەلۇمكى ، دەۋەت باسقۇچلىرىنىڭ ھەربىر باسقۇچى ۋە ئۇنىڭ تولۇقلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى كىمدە ھازىرلىنىدىكەن ئۇنى ئۆستۈرۈش كېرەك . باسقۇچلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن قويۇلىدىغان شەرتلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدىغان بىر ئىشقا قويۇش ياكى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۇ كىشىنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ ( ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ )باشقا ئىشلارغا كاشىلا پەيدا قىلىدۇ. ئۆزى بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى يوقىتىپ ، روھىنى چۈشۈرىدۇ.

شۇنداقلا ئىقتىدارىدىن تۆۋەن ۋەزىپىلەر تاپشۇرۇلغان كىشىدىنمۇ دەۋەت تولۇق پايدىلىنالمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەت ئىشلىرى قولىدىن ئىش كېلىدىغان كەسپىي ئوغلانلارغا بەك موھتاج.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ھەرىكەتچان ئوغلانلار ، بىرلىكسەپ قوشۇنلىرى بىلەن قوللانغان بۇ نىشانلىق ۋە مەجسەتلىك ئاكتىلىق ھەرىكەتلەر ئەينى زاماندىكى كىشىلەرگىمۇ ،

ھازىرقى زامان كىشىلىرىگىمۇ زامان ئاخىرى بولغىچە بارلىق كىشىلەرگە ئۆگەتكەن ئەمەلىي قوللىنىشقا تېگىشلىك جانلىق دەرسلىكتۇر.

# 14.دەرس پىلان تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلىكى

ھەربىر شەيئىنىڭ پىلان – لاھىيىسى بار . ئۇ بولسىمۇ :

نىشاننى ئېنىق بېكىتىۋېلىش ، يەتمەكچى بولغان نىشاننىڭ يوللىرى ۋە ۋاستىلىرىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇش ، ئىتىش ئۈچۈن ئېنىق تەييارلىق قىلىش دېمەكتۇر.

پىلاننى ياخشى تۈزگەندە غايىگە يىتىش ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان قۇدرەتلەر ، بىرىلگەن ئىمكانىيەتلەرنى ياخشى ئۆزلەشتۈرگىلى شۇنداقلا نىشانغا يىتىشتىن توسۇپ قويىدىغان داۋانلار ۋە بۇداۋانلاردى ئۆتۈشنىڭ چارىلىرىنى بىلىپ يەتكىلى بولىدۇ.

بىرلا شەخس مەقسەت قىلىنغان تىما بىلەن كۆپچىلىك مەقسەت قىلىنغان تىما ئوخشىمىغاندەك ، دۆلەت مەقسەت قىلىنغان تىمىمۇ پەرقلىق بولىدۇ.

مۇشۇ ئۈچ تىمىنىڭ ھەربىرسىنىڭ ئەھمىيىتى ، دەرسلىكلىرى ۋە

مەقسەت – نىشانلىرى بار.

ھەر بىر تىما ياكى ئىش بېشىدا ياخشى پىلان تۈزمىسە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىسا كېرەك . پەيغەمبەر سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ھىجرەت باشلانمىسىدىلا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغان. ھىجرەت ھەرگىزمۇ ۋاقىت بىلەن ۋەزىيەت ئەھۋالىنى پىششىق بىلمەستىن ، ئىنچىكە پىلان تۈزمەستىن قاراملىق بىلەن ياكى بىردەمدە پۈتكەن ئەمەس . بەلكى ئاگلىق بىلىش ، ياخشى پىلان تۈزۈش ، ئالدىنئالا يۈز بىرىش

ئېھتىماللىقى بولغان ئىشلارنى ئويلىنىش ۋە تولۇق تەييارلىق قىلىش بىلەن ئورۇنلىغان . ھىجرەت جەريانىدا ئىپادىلەنگەن پىلان – تەدبىرلەر پىلان – تەدبىر ساھەسىدە موھىم ئورۇندا تۇرىدۇ ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدىكى كىشىلەر ئاشۇ پىلان – لاھىيەنى ئۇبدان بىلىۋېلىپ دەرسلىك قىلىشى ، نىشان – مەقسەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئۆزلىرى ئۈچۈن مەشئەل قىلىۋېلىشىغا ئەرزىيدۇ . بۇ پىلان – لاھىيەنىڭ بىر بۆلۈك تەرەپلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىمىز .

1.رەسۇلۇللاسەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم راستچىل ۋە ئىشەنچلىك كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن مەككىدىكى چېغىدا كاپىرلار ئۇنىڭغا مال – مۈلۈك ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئامانەت قويغان بولۇپ ، ئامانەتلىرىنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرماستىن ئۆزى بىلەن بىرگە مەدىنىگە ئېلىپ كېتىشكە ھەرگىز بولمايتتى.

چىقىرىلغان قارار : ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەككىدە قالدۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى دالدىغا ئالغاندىن كېيىن ئامانەتلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بىرىشكە تەكلىپ قىلىندى . ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇپەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىنىقدىن ئۆتكەن مەرد يەھىت بولۇپ ، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىيالايتتى. ئۇنىڭغا بۇ ۋەزىپىنى يالغۇز بىجىرىشنى ئۇقتۇردى.

2.مەككە – مەدىنە ئارىلىقدىكى بۇ مۇشەققەتلىك ۋە ئۇزۇن سەپەردە بىر ھەمراھ بولمىسا بولمايتتى.بۇ ھەمراھنىڭ دەل سىددىق ئاتالغان ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بولۇشىنى قارار قىلدى ۋە بۇ سەپەرگە ئۇنىڭ يالغۇز تەييار بولۇشىنى ئۇقتۇردى .

3. بۇ جاپالىق ئۇزۇن سەپەردە مىنگىلى ئۇلاق بولىسا بولمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن خېلى بۇرۇنلا ئىككى تۆگە سېتىۋېلىپ ، بىرىنىڭ پۇلىنى ئۆزى بىرىش ئارقىلىق ئۇلاق مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

4. پات ئارىدا مۇشرىكلار ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىپ ، ئىز قوغلايدىغان بۇ جاپالىق ھىجرەت سەپىرىدە ئادەملەر ئازئۆتىدىغان ياكى ئۆتمەيدىغان تاشلاندۇق يوللار ياكى چېغىر يوللاردىن ئايلىنىپ مېڭىش ئۈچۈن يوللارنى بەش قولدەك پىششىق بىلىدىغان بىر يولباشچى بولمىسا بولمايتتى.يولنى پىششىق بىلىدىغان بىر مۇشرىكتىن باشقا كىشى تېپىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئامانەت ۋە سىر ساقلاشقا يارايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ھىجرەت سەپىرىدە ئۇنىڭغا ھەق بېرىپ ياللاپ ئىشلىتىشكە تولۇق كىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىككى ئۇلاقنى تاپشۇرۇپ بېرىپ ، ئۇچرىشىدىغان ئورۇن ۋە ۋاقىتنى بېكىتىپ بەردى.

5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ تولۇق تەييارلانغان مۇشرىكلارنى تاكتىكا ئىشلىتىپ ئالداش (مۇھەممەد داۋاملىق ئۇخلاۋېتىپتۇ ) دىگەن تۇيغۇ پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ياتقان ئورنىدا ئۇنىڭ چاپىنىنى يېپىنىپ ئۇخلايدىغان بىر كىشى بولمىسا بولمايتتى.رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئورنىدا ياتقان باتۇر قەھرىمان ، پىدائىي دەل ھەزرىتى ئەلى ئىبنى

ئەبۇ تالىپ  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولدى.

6.مەككىدىن چىقىپ كەتكەندىن كىيىن قۇرەيشلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇش ، ئۆزى توغرىلىق نىمە پىكىرلەر بولىدىغانلىقى ، نىمەلەرنى پىلانلايدىغانلىقنى ئۇقۇپ تۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ سۈيىقەستلىك پىلانلىرىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، ئۇلارنىڭ پىلانلىرىغا قارىتا ھەرىكەت قوللىنىش ، شۇ ئارقىلىق

ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلىنىش  ۋە مەقسەت – نىشانغا يىتىش

، ئۇتۇق قازىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىدىن ۋاقىپ بولمىسا بولمايتتى.  بۇ پىلانىنىڭ ئورۇنلىغۇچىسى ، تولىمۇ زېرەك ، چىۋەر ، چېچەن باشقىلاردىن چاندۇرماي گەپ ئېلىشقا  ماھىر ، كىشىلەر بىلەن قانداق ئارىلىشىشنى بىلگەن ، ئاڭلىغانلىرىنى ئۇنتۇماستىن يەتكۈزىدىغان يىگىت ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ بەكرى   رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولدى.

7.يولدا قالغان ئادەم ئىزلىرىنى ئۆچۈرمەي بولمايتتى چۈنكى مۇشرىكلارنىڭ  ماھىر ئىزچىلىرى ئۇقۇپلا قالسا ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يىتىۋالاتتى. بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلدى ؟ بەلگىلەرنى ۋە ئىزلارنى ئۆچۈرۈشكە ئەڭ كۈچلۈك ۋاستە بولغان قويلارنى ئىشقا سالدى . بۇ قويلار كىمنىڭ ؟ ئامىر ئىبنى بۇھەيرانىڭ. بۇ موھىم ۋەزىپىگە ئۇنى تەكلىپ قىلىش بىلەن بۇ مەسىلە ھەل بولدى .

8. مەدىنە – مەككىنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ،

مەدىنىگە سەپەرگە چىققان ئادەم داۋاملىق شىمال تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەيتتى. مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر  ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلغانلىقىنى ئۇققان ھامان ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى

تىزلا « يەسرىب تەرەپكە مېڭىپتۇ .» دىگەن گۇمان كىلەتتى- دە، ئىزىغا چۈشۈپ قوغلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار كۆنۈككەن ، ئادەتلەنگەن تونۇش يوللاردىن تامامەن باشقا بىر يول بىلەن

مېڭىشقا توغرا كەلدى . يول مەدىنە يولىغا قارىمۇ – قارشى بولغان

يەمەن تەرەپكە ماڭىدىغان جەنۇپ تەرەپ بولدى. ئاندىن مەككىنىڭ جەنۇبىدىكى « سەۋرى غارى » يوشۇرىنىدىغان ئورۇن بولۇپ قالدى.

9. ئۇلارغا ئۆڭكۈردە تۇرغان ۋە سەپەر ئۈستىدىكى چاغلاردا يېمەك –

ئىچمەك ۋە ئوزۇق – تۈلۈك بولمىسا بولمايتتى. ئۇلار ئەر كىشى

بولغانلىقى ئۈچۈن ئاش – تاماق قىلالمايتتى. بۇ ۋەزىپىنى

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ قىزى ئەسما ئورۇلىدى. ئورۇنلاپمۇ ناھايىتى ياخشى ئورۇنلىغانلىقتىن «ئىككى بەلۋاغ ئىگىسى » دەپ ئاتالدى.

10. مەككە كاپىرلىرى سۈيىقەستلىك پىلان تۈزۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان كېچىدە ئۇنى ياتقان يىرىدىن تاپالمىسا ، تېخى ئۇنىڭ يالىڭاچلانغان قىلىچلارنى تۇتۇپ ئۆيدىن چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان باتۇر يىگىتلىرى ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ چىقىپ كەتكىنىنى ئۇقسا ساراڭلىقى تېخىمۇ تۇتاتتى، قىساس ئوتى يۈرەكلەرنى ئۆرتەيتتى-دە ، مەككە تاغلىرى ، جىلغىلىرى ۋە يوللىرىنى بىرىنچى قىلىپ ئاقتۇرۇشقا ، تەرەپ تەرەپكە چاپارمەنلەر ئەۋەتىشكە باشلايتتى. ھەمدە بۇ موھىم

ئادەمنىڭ ئۆلۈك – تىرىكى ياكى كاللىسىنى ئەكەلگۈچىلەرگە بىر

ئۆمۈر يەتكۈدەك مال – دۇنيانى سۆيۈنچە بىرەتتى. تۇتۇش بۇيرۇقى

خېلى يىراقلاردىكى قەبىلىلەرگە قەدەر ئوت ياقاتتى.
شۇ سەۋەبتىن بىر مەھەل يوشۇرۇنۇپ ، جىم بولۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ

ئاچچىقى يېنىپ ، چاپارمەنلەر ھېرىپ – چارچاپ ئىزدەشتىن

توختىغان ، تۇتۇشتىن ، تېپىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن چاغقىچە بىر
مەھەل يوشۇرۇنۇپ ، جىم بولۇۋېلىشقا توغرا كېلەتتى.
شۇنىڭ ئۈچۈن «سەۋرى غارى »دا ئۈچ كۈن تۇرۇش قارار قىلىندى ۋە بۇلاردىن باشقا تەپسىلىي كۆزىتىشلەر ،ۋەزىيەتنى

ئىنچىكە ،توغرا مۆلچەرلەشلەر ، ھېكمەت پۇراپ تۇرىدىغان پىلان –

تەدبىرلەر ۋە توغرا قارارلار بىر پۈتۈن ھىجرەت جەريانىدا كۆزگە
چېلىقىپلا تۇرىدۇ.
پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىجرىتى

جەريانىدا ئىنچىكىلىك بىلەن تۈزۈلگەن پىلان – تەدبىرلەردىن

پايدىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان دەرسلىكلەرنى مۇشۇنداق خۇلاسىلىسەك يېتەرلىك بولۇشى مۇمكىن. مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىدا اللەنىڭ شەرىئىتى رەھبەرلىكى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان

ھەرىكەتلەرنى ئىنسانىيەت قانۇن – تۈزۈملىرى ۋە بەلگىلىمىلىرى

ئىشتىراك قىلغان ھەرىكەتلەرنىڭ چەكلىشى ياكى سىقىپ

چىقىرىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ . ئەگەر بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ

قانۇن – تۈزۈملىرى اللەنىڭ كىتابى ياكى پەيغەمبىرىنىڭ

سۈننىتىدىن ئېلىنغان ، ۋاستىلىرى مۇشۇ ئۇلۇغ باشلىنىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن بولغان ، اللە تەرەپكە دەۋەت قىلىش ئۇچۇق پاكىتلارغا ئاساسەن بولغان ، مۇشۇ دەۋەت جەريانىدا رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ تۇتقان يولىغا ئەگەشكەن بولسا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش لازىم . بۇ ھەقتە اللە مۇنداق دەيدۇ : « ئېيتقىنكى ، بۇ مىنىڭ يولۇمدۇر . (كىشىلەرنى ) اللە تەرەپكە دەۋەت قىلىمەن . مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز . اللە پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن . » (12.سۈرە 108 .ئايەت ) «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا ) ھېكمەتلىك

ئۈسلۇبتا ياخشى ۋەز – نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن . »

(16.سۈرە 125.ئايەت)

مەن دېمەنكى : قانۇنلۇق باشلانمىسىدىكى ئىسلامىي ھەرىكەت مۇشۇ غايىگە يېتىش ئۈچۈن ياخشى پىلان تۈزۈشكە بەك موھتاج. بەلكى مۇشۇ پىلاننى داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرۇشقا ، ھەر جەھەتكە ئەتراپلىق مۇراجەت قىلىشقا موھتاج . دەرسلىك قىلىپ ئۆگىنىشكە ۋە ئۆگىتىشكە موھتاج. ئۇنىڭغا تىگىشلىك ياخشى تەييارلىق قىلىشقا موھتاج. ئاشۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ھىجرەت ئۈچۈن تۈزگەن پىلان ۋە بۇ پىلاننى ئىجرا قىلىش جەريانىدا كۆرۈلگەن قىممەتلىك دەرسلىكىدىن پايدىلىنىشقا موھتاج . ئىسلامىي

ھەرىكەتنىڭ نىشانى تونۇشلۇق ، قوللىنىدىغان ۋاستە ئېنىق

بەلگىلەنگەن تۇرسا ، پىلان – تەدبىرنىڭ بەلگىلىنىشىنى نىمە

مەنىئىي قىلىدۇ ؟ دىگەن سوئال ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن .

بىز دەيمىزكى: پىلان – لاھىيە مەۋجۇت ، لېكىن بىر تەرەپتىن

پىلان – تەدبىر بىلەن ئىجرا قىلىش ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ

بولىدىغان ، يەنە بىرتەرەپتىن ۋاستە ۋە غايە بىلەن باغلىنىشلىق ۋە ئېرىشىش ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان توسالغۇلار ۋە پۇتلىكاشاڭلار ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن تەبىئىي ھالدا ۋاستە كېڭيىپ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەن . شۇنىڭ بىلەن بەزى چاغلاردا ۋە بەزى يۇرتلاردا پىلان ئىگىسى بىلەن يەتمەكچى بولغان نىشان ئوتتۇرىسىدا ئاز-تولا يېقىنلىشىش بولغان بولسىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئارىلىقتىكى ھاڭ ناھايىتى چوڭيىپ كەتكەنلىكتىن نىشانغا يېتىش مۇمكىن بولماي كەلدى.

ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدىغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى ، شەرقتىكى ياكى غەربتىكى تۈزۈملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلامىي ھەرىكەتلەرنى بىخ ھالىتىدىلا يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت

قىلىدۇ ، بۇ ھەرىكەتلەرگە چۈشكەن بېسىملار ، ئارقا – ئارقىدىن

بىرىلگەن ئېغىر زەربىلەر ھەرىكەت ساھىبلىرىغا كەلگەن قاقشاتقۇچ

زىيان – زەخمەتلەر ھەرىكەتنىڭ ياكى ھەرىكەت ئىگىلىرىنىڭ

مۇشۇ زەربىلەردىن ھازىرغا قەدەر ئۆزىنى ئوڭشىشىغا ئىمكان بولماي

كەلدى.

ئەگەر ئۇنداق ئەمەس ، ئىشلارنى باشقىلارغا دۆڭگەشكە بولمايدۇ دىيىلسە ، ئۇنداقتا تۇرمىلەرگە قامالغان ، يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ، تەرەپ – تەرەپتىن قىيىن – قىستاققا دۇچ كەلگەن ، ئازاب – ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلىنغان ، ئەركىن سۆزلەشتىن مەھرۇم قىلىنغان، ئىش – ھەرىكىتى نازارەت قىلىنىپ ، تۇرار جايى تەقىپ قىلىنغان ، يىللاپ – يىللاپ باغلانغان ، پىكىر – تەپەككۇرى تىزگىنلەنگەن ، بەزى ئىچى قوتۇر ، شەپەرەڭگە ئوخشاش يورۇقلۇق دۈشمەنلىرىنىڭ ، ئالا كۆڭۈل چىدىماس كىشلەرنىڭ پىتنە پاسات تېرىشى ۋە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشى بىلەن كىشلەرنىڭ رايى يانغان ياكى كىشلەر ئازتولا دۆلەتكە ، مال – دۇنيا ، ھوقۇق – مەنسەپكە ، ئېسىل تۇرمۇشقا ئالدىنىپ ياكى ئۇلارغا ئەگىششتىن كېلىدىغان يامان ئاقىۋەت ، ئېغىر جازالارغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ ئەگەشمەيۋاتقان ئاشۇ كىشلەرگە لايىق ھەممىگە يارايدىغان پىلان – تەدبىرلەرنى تۈزۈش قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ سىز ئەقىللىق ئادەم بولسىڭىز بۇنى قانداق چۈشىنىسىز ؟ ئاشۇ كىشلەرنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى قىلغان گۇناھى پەقەت : ئاللەملەرنىڭ ئىگىسى ، ھەممىدىن غالىب ، مەدھىيىگە لايىق جانابىي اللەغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكى .

مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىدا ، ئاندىن پۈتكۈل يەر شارىدا اللە سۆزىنىڭ

ئۈستۈن بولۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقى،« [illegible]

»بايرىقىنى يەرشارىدا لەپىلدىتىش ، پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرىنى

ئىسلامىي دۆلەتنىڭ ئادالىتى سايىسى ئاستىدا بەختلىك ، شاد —

خورام ھالدا ياشايدىغان ، يەرشارىدا اللەغا ۋاكالىتەن ھاكىمىيەت

يۈرگۈزىدىغان ، اللەنىڭ قانۇن — تۈزۈملىرىنى ۋاكالىتەن

ئىجراقىلىدىغان دۆلەت قۇرۇشنى كۆزلىگەنلىكى ئەمەسمۇ؟

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، بۇرجلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئاسمان بىلەن ، قىيامەت كۈنى بىلەن ، جۈمە كۈنى بىلەن ، ھارپا كۈنى بىلەن قەسەمكى : ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن ، ئۇئورەكلەر لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلار بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى . ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئورەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ مۆمىنلەرگە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇلار مىكمىنلەرنى پەقەت غالىب ، مەدھىيەگە لايىق اللەغا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈنلا يامان كۆردى . ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللەغا خاستۇر ، اللە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر ، مۆمىن ئەر ۋە مۆمىنئايالالارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن كۇپرىدىن قايتمىغان (قىلمىشىغا تەۋبە قىلمىغان )لار شۈبھىسىزكى جەھەننەم ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارغا ئوت بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ . » (85.سۈرە1-10ئايەتلەر )

ئەينى چاغدا ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككە كاپىرلىرىغا: «بىر ئادەمنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى)

‹رەببىم اللەدۇر ›دېگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۆلتۈرمەكچىمۇسلەر ؟ »
دېگەن ئىدى .
بىز يوقۇرىدىكى سۆزلەرنى پىلان توغرىلىق سورىغان ، ئۇنىڭ
نامايەندىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەرگە
ئېيتقان بولساق ، مۇشۇ ۋاقتنىڭ ئۆزىدىمۇ تەكىتلەيدىغىنىمىز :

ئەمىلىي ھەرىكەت ساھەسىدىن پىلان – تەدبىرنىڭ

يوقالمىغانلىقىنى ياكى ئۇيەر ، بۇيەرلەرگە چېچىۋېتىلگەن شوخا –

تىكەنلەر ئوتتۇرىسىدا قارامالرچە ، قارغۇلارچە مېڭىشنىڭ مەۋجۇت

بولمىغانلىقىنى ، شۇنداقلا ئۇيەر – بۇيەرلەرگە تىكەنلەر

چېچىۋېتىلگەن بولسىمۇ ، پىلاننىڭ بولۇشىنى ۋە پىلاننىڭ تەخرسىز
زۆرۈرىيەت سۈپىتىدە داۋاملىششىنى تەكىتلەيمىزكى، ھەرگىز ئاقلاپ
ئولتۇرمايمىز . بىز شۇنى تەكىتلەيمىزكى : ئىسلامىي ھەرىكەت
ئىشلىرىدىن ھەربىر ئىشتا ھىجرەت دەرسلىكى ۋە پىلان تۈزۈشنىڭ
زۆرۈرلىكىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ھەرىكەت ئىگىلىرىنىڭ پەيغەمبەر
سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ھەرىكەت دەرسلىكىدىن
پايدىلىنىشىنى سورايمىز . ۋاستە بىلەن غايە ئوتتۇرىسىدىكى يول
بەلگىلىرىنىڭ ئېنىق بولۇشى ، ھەركۈنى بىر نەچچە قەدەم ئېلىپ
بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يولدىن بىرەر كىشىنىڭ قەدىمىنىڭ
ئاستىلاپ قالماسلىقى ياكى يولدىن ئادىشىپ يىاقلاپ كەتمەسلىكى
ئۈچۈن پىلان تەدبىرنىڭ ، ئەتراپلىق بىلىم ، مول تەجرىبە ، ئىلمىي
تالانت ، چىرتىيوژىسزىش ۋە لايىھەلەش تېخنىكىسىغا ئىگە كىشىلەر

تەرىپىدىن ئىلمىي ئاساستا تۈزۈلگەن ۋە قۇرۇلغان بولۇشى كېرەك.

پىلان باسقۇچ خاراكتېرلىك بولمايدىكەن ، مەقسەت مۇكەممەل ھالدا ئىشقا ئاشمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، پىلان تۈزگۈچى ھەرقايسى مۇسۇلمانلار يۇرتلىرى ۋە ماكانلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ، ۋەزىيىتى ۋە موھىتىغا قاتتىق رىئايە قىلىشى كېرەك . پىلان بىلەن موھىت ئوتتۇرىسىدا ئەمىلىي ۋە رېئال ئۇيغۇنلۇق بولۇشى كېرەككى ، تۈزۈلگەن نەزىرىيىۋى پىلانلاربىلەن ئەمىلىي شارائىت باشقىچە، باشقىچە بولسا بولمايدۇ.

باسقۇچلۇق تۈزۈلگەن ، رېئاللىقنى چىقىش قىلغان بۇ پىلان مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىدا مەيلى ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىسلامىي ھەرىكەتلەرنىڭ رولىنى تولۇق ۋە مۇكەممەل كۆرنۈشتە ئىپادىلەپ بېرىدۇ . خالايىقنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە مۇمكىن بولىدىغان ئارىلىق ۋە ئاخىرقى نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. خالايىقلار ئۆز تۇرمۇشىدا بەرپا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىنساپ ، ئادالەت ، ھەقىقەت ، ئىلىم ۋە ئەمەل قاتارلىقلار شۇنداقلا ئۇلاردىن

ئەھدى ئېلىنغان ئۇلارنىڭ مۇكاپات — ساۋابقا ئېرىششى تەقەززا

قىلغان اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش ، مەزكۇر دىننى ئىخلاسمەنلىك بىلەن چىڭ تۇتۇش ، اللەنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا جىھاد قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى روشەن ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

پىلان تۈزۈش — شەيخ جاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەلسىل ياسىن ئېيتقاندەك : «اللەنىڭ دىنىغا قىزىقىدىغان ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ، غەيرەتلىك

ئىسلامىي ھەرىكەت ئوغلانلىرى ئىچىدىن ئالىي ھىممەتلىك ، نەزىرى ئۆتكۈر ، يىراقنى كۆرىدىغانلارغا بىرىلىدىغان مەغرۇرلار شەرەپ ئورىدىندۇر . »

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ھىجرەتتە مۇۋەپپىقىيەت قازىنىش ئۈچۈن تۈزگەن پىلانىنى پايدىلىنىش مەنبەسى قىلىدىغان كىشى بارمۇ ؟ مۇشۇ ئامانەتنى ئاداقلىش ئۈچۈن ئالغا ئاتلىنىدىغان كىشلەر بارمۇ ؟ ھەرىكەتنى پىلانلىق باشلايدىغان كىشلەر بارمۇ ؟

ھېچقانداق ئىش اللەغا قىيىن ئەمەس .

# 15.دەرس رەھبەرلىكنىڭ كەمتەر بولۇشى توغرىسىدا

ھەرىكەت رەھبەرلىكى ھەرىكەت پىرىنسىپلىرىنى ئەمەلىيەتتىكە تەدبىقلاشتا نەمۇنىچىلەردىن بولۇپ ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق ، كىشىلەرنى ھەرىكەت پىرىنسىپلىرىنى ئىجرا قىلىشقا چاقىرىدۇ ، باشقىلاردىن پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئۈلگە بولغانلىقى ، مېڭىۋاتقان يولىنىڭ دۇرۇسلۇقىنىڭ ، غايىگە يېتىش مۇۋەپپىقىيەتلىك بولغانلىقىنىڭ ئۇچۇق دەلىلىدۇر . ئەگەر رەھبەرلەر ياخشى ئۈلگە ، ئەمەلىيەتچان نەمۇنىچى بولالمىسا ھەرىكەت تەۋرەپ كېتىدۇ، ئۇنى دولقۇنلار قىرغاققا ئۇرۇپ سوقۇۋېتىدۇ ، ھەرىكەت ئەزالىرىنى كۆڭۈل خاھىشلىرى پارچىلىۋېتىدۇ، ھىدايەت ۋە توغرا يولنى يوقىتىپ قويىدۇ . بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن :

«ئەمىرلەرنىڭ ياخشىلىرى – سىلەر ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان ، ئۇلارمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان ، سىلەرگە كۆيۈنىدىغان ،

سىلەرمۇ ئۇلارغا كۆيۈنىدىغان كىشىلەردۇر. ئەمىرلەرنىڭ يامانلىرى –

سىلەر ئۇلارنى ئۆچ كۆرىدىغان ، ئۇلارمۇ سىلەرنى ئۆچ كۆرىدىغان ، سىلەر ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدىغان ، ئۇلارمۇ سىلەرگە لەنەت ئوقۇيدىغان كىشىلەردۇر. » ئىمام مۇسلىم « فەتھۇل بارى » ناملىق كىتابتا «ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ، ـ الله

جاھىلىيەتتىن كېيىن بىرگە ئاتاقلىغان بۇ ياخشىلىق(ئىسلام ئىمارىتى ) قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ ؟ دەپ سورىغان كىشىگە ، ـ سىلەرنىڭ ئەمىرلىرىڭلار ھەق يولدىن ئاداشمىغىچە ، ـدەپ جاۋاب بەرگەنلىكى ئېيتىلغان . (ئىمام بۇخارى ) بۇـ ھەرىكەتلەرنىڭ داۋاملىششى ۋە بۇھەرىكەتلەرنى يوقلىش ، زاۋال تېپىشقا ئېلىپ بارغۇچى كۆچلەرگە قارشى داۋاملىق ئۇتتۇققا ئېرىشىشتىكى شۇنداقلا ھەرىكەتنىڭ زاۋال تېپىشى ، موھىم ۋەزىپىلەر ۋە ئەلچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا پىشكەللىككە ئۇچراشتىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ، ھەرىكەت بايرىقىنىڭ كۆتۈرىلىشى قاراشلىق بولغان ، ئامانەت زىممىسىگە يۈكلەنگەن كىشىلەر سۈپەت — ساپاسىنى تولۇقلىماي، كۆچەيتمەي بولمايدۇ.

ئاشۇ سۈپەتلەرنىڭ قاتارىدىن ، رەھبەرلىك بارلىق پائالىيەتلىرى ياكى شەخسى تۇرمۇشىدا بولسۇن ، قانائەتلەندۈرۈش ، سەممىيەت ۋە ئىمان يۈزىسىدىن ئۈچۈق — يورۇق ، ئاددىي — ساددا ۋە كەمتەر بولۇشى لازىمكى، تەكەللۇپچى ۋە ياسالما بولماسلىقى كېرەك .

يوقاردىكى ئارتۇقچىلىق — كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىنى ئاشۇرىدىغان پىرىنسىپلار ۋە تەلىم — تەربىيىلەر چاقىرىغان ئەمىلىي كۆرنۈش بولۇپ ، دەۋەتنىڭ ئۇتتۇقلۇق بولۇشىغا، بىرلىك سەپىنىڭ شەكىللىنىشىگە ، سەپتىكى ئەزالارنىڭ ئۆم — ئىناق،

ئىتتىپاق بولۇشقا ،قوشۇننىڭ ئىخلاسمەن پىدائىي بولۇشقا ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇقلارنى ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن بەختلىك ھالدا ئادا قىلىشقا ئۈچۈن ئىشەنچ، دېلىشنى، مۇشەققەتلىك ئەمەللەرنى قەلب رازىلىقى بىلەن ئۈستىگە ئېلىشقا ئەڭ ياخشى ياردەم بېرىدۇ .

بىزگە بۈنى ئەڭ ياخشى رەھبەر ئۆگەتكەن !بەلكى ئەڭ ياخشى رەھبەر ئۆزى شۇنداق قىلغان. ئۇ بولسىمۇ ، جانابىي اللەنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىغا ئورتاق ئەۋەتكەن ئەلچىسى رەھبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمدۇر .

سەھىھۇل بۇخارىدا رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، مەسچىت قۇرۇلۇشىغا ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە خىش يۆتكىگەن ۋە : « ـ ئى الله، ئەجىرھەقىقەتەن ئاخىرەتنىڭ ئەجرىدۇر ، موھاجىر ۋە ئەنسارىيلارغا رەھمەت قىلغىن. » دىگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىش ۋە توپىنى كۆپ كۆتۈرگەنلىكتىن ، كۆكرىكى ۋە ئۈستىباشلىرى چاڭ — توزان بولۇپ كەتكەن . بۇ ھالنى كۆرگەن ساھابىلەر مۇنداق دىيىشكە مەجبۇر بولغان : « رەسۇلۇللا ئىشلەپ ، بىز ئولتۇرساق نومۇس ئەمەسمۇ ؟ بىز شۇنىڭ ئۈچۈن توختىماي ئىشلەيمىز . » ساھابىلەر يۇقارقى قوشاقلارنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇغاچ ئىشلىگەن . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۇلارنىڭ شىئىر — قوشاقلىرىغا جۆربولغان . ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئىمتىيازلىق بولۇۋالمىغان بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئادەم بولۇپ ئۇلار ئىشلىگەندەك قول سېلىپ ئىشلىگەن . ئۇلار اللەنىڭ ساۋابىدىن نېسىۋىسىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشقاندەك ، ئۇمۇ

تىرىشاتتى.

قوماندان ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرۋاقىت ئۆز ئەسكەرلىرىگە يېقىن بولسا ، ھەرۋاقىت ئۇلارغا سۆيۈملۈك بولسا ، ھەر چاغ كىشىلىك تۇرمۇشىدا ئاددىي — ساددا ، ئىشلىرىدا كەمتەر بولسا ئۇلارغا ياخشى ئۈلگە ، يارملىق نەمۇنىچى بولالايدۇ . ئۇنىڭ ئەدەب — ئەخلاقى ، گۈزەل مۇئامىلىلىرىگە كۆنۈپ كېتىدۇ .

ئۆزلىرىنىڭ خوشاللىق ، قايغۇ — ھەسرەتلىرىدە ئورتاق بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بارلىقنى پىدا قىلىدۇ ، بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىدۇ ، ئىشلىرىغا ئەگىشىدۇ، دەۋەت بەلگىلىرى ۋە بايراقلىرىنى كۆككە كۆتۈرىدۇ . اللەنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدۇ ۋە اللەنىڭ شەرىئىتىنى چىڭ تۇتىدۇ.

مۇشۇ ئاقاغ — ئۆرۈش توقۇلمىسى بىلەن ، قوماندان بىلەن ئەسكەر گۆش بىلەن قاندەك بولۇپ كېتىدۇ، بىرلىك سەپ چىڭىيدۇ ، ئۆملۈك ، ئىناق — ئىتتىپاقلىقنىڭ گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىدۇ ، ئۇلار خۇددى بىر — بىرىنى مۇستەھكەملەيدىغان يېمىرىلمەس بىناغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇرا — مەسلىھەت مىنھەجىگە ئايلىنىدۇ ، كۈچ — قۇۋۋەت كەسپىكە، دۈشمەنلەرنى قورقۇتۇش

نەغمە — ناۋاغا ئايلىنىدۇ.

ئەمما   قوماندان ئۆز ئەسكەرلىرى ۋە دەۋەت ساھىبلىرىغا چوڭچىلىق قىلسا ، يوغانچىلىق قىلىپ ، كىبىر ئىشلەتسە ئىش بۇزۇلۇشقا قاراپ ماڭىدۇ . بوي سۇنۇش- مەجبۇرلىنىش، زورلىنىش

ۋە قەھرى — غەزەپكە ئايلىنىدۇ، ئەگەشمەسچىلىك — ناچار ۋە يامان

ئۆلگە ، قەبىھ نەمۇنىچىگە ئايلىنىدۇ . بىرلىك سەپ پارچىلىنىدۇ ،

جامائەت بۆلۈنۈپ كېتىدۇ . پىرىنسىپلار ئۇنتۇلىدۇ . ياردەم ،غەلبە —

نۇسرەت كېچىكىدۇ . پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بۇ دەرسلىكنىڭ ئەھمىيىتى   ھەققىدە ئېغىزاكى ئاگاھلاندۇرماستىن بەلكى ئۇنى ئەمىلىي ئۆگەتتى. ئۇ بىر پۈتۈن ھاياتىدا ساھابىلىرى ئارىسىدا ياشاپ، ئۇلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئۆتكەنلىكتىن ، ئۇنىڭ بارلىق ئەھۋاللىرى ئۆز دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن بارلىق كىشىلەرگە ئېنىق ۋە ئوچۇق بولدى.

# 16.دەرس قوماندانىنى ھىمايە قىلىش

ئىسلام رەھبەرلىرى ۋە قوماندانلىرىنى ھاياتى دۇنيانىڭ خىلمۇخىل زىبۇ زىننەتلىرى ، شەھۋەتلىرى ۋە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان غال – غاللىرى بىلەن قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق ياكى مۇددەتلىك ، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ، نەسلىنى قىرىپ تاشلاش تەھدىتلىرى بىلەن قورقۇتۇش ئارقىلىق نىشان – مەقسەتلىرىدىن چەتلەشتۈرۈش ، ئۇلۇغۋار غايە – مەقسەتلىرىدىن ۋاز كەچتۈرۈش شۇنداقلا كۆزدىن يوقىتىش ، سۈيىقەست ، ھىيلە – نەيرەڭلەر ۋەئۆلتۈرۈش پىلانلىرى – ئىسلام دۈشمەنلىرى ۋە ئىسلامىي ھەرىكەتكە ئۆچمەنلىك قىلغۇچىلارنىڭ ئەزەلدىن قوللىنىپ كەلگەن ئىپلاس تەدبىرى بولۇپ كەلدى. مەيلى ئۇلار ياكى بۇلار بولسۇن «قوماندانلارنى ئىسلام شەرەپ قۇچىدىغان ھەرىكەتلەردىن ۋاز كەچتۈرۈش ياكى كۆزدىن يوقىتىش بىلەن ئىسلام پىرىنسىپلىرى ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئامىللىرى ئۆلىدۇ ، ئىسلامنى كۆتۈرۈپ چىققۇچىلار مۇنقەرز بولىدۇ . » دېگەن خام خىياللارنى قىلىپ كەلدى .

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى دەۋرلەردىكى اللەنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلار ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقچىلىرى تۇنجى رەھبەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمدىن باشلاپ بۈگۈنگە قەدەر مۇشۇ رەزىل نىشانغا يېتىش يولىدا تىرىشىشتىن چارچاپ قالمىدى ، ئۈمىد ئۈزۈپ زېرىكىپمۇ قالمىدى .

شۇنىڭ ئۈچۈن رەھبەرلەر ۋە قوماندانلارنى قوغداش جەريانىدا قىممەتلىك ۋە گۈزەل نەرسىلەرنى پەيدا قىلىش لازىم . بۇ شەرئىي بۇيرۇق ، دىنىي جەھەتتىن ۋاجىبتۇر . چۈنكى ئۇ پرىنسىپلارنى قوغدىغانلىق ،دەۋەت يولىنى ۋە ئۇيولىنىڭ داۋاملىشىشىنى ساقلاپ قالغانلىقتۇر .

مانا بۇ دەرسلىك پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر پۈتۈن ھىجرىتىدىن ناھايىتى ئېنىق ۋە روشەن بولغان دەرستۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت پىلانىنى تەپسىلىي بىلگەن شەخسلەر ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن قوللانغان تەدبىرلەر ۋە ئېھتىياتلار بۇ نوقتىنى نامايەن قىلىدۇ . خۇسۇسەن مەككە كاپىرلىرى مەسلىھەت كېڭىشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايسى ئۇسۇل بىلەن كۆزدىن يوقىتىشتا ئەبۇ جەھىل : « بۇ ھەقتە مېنىڭ بىر پىلانىم بار ، بۇ پىلان ئاراڭلاردىن ھىچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىدى بولغاي . »دەيدۇ. ئۇلار : ئەي ئەبۇھەكەم ، نىمە پىلان ئويلاۋاتىسەن؟ تېز ئېيتساڭچۇ؟»دېيىشىدۇ. ئۇ : « ھەر قەبىلىدىن نەسەبى ئىسىل ، باتۇر ، مەرگەن ، چەبدەس يىگىتتىن بىردىن يىگىت تالىلساق ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ قولىغا بىردىن قىلىچ تۇتقۇزساق ، مۇھەممەد ئۆيىدىن چىققاندا ھەممىسى تەڭلا قىلىچ سالسا ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خۇنى ھەممە قەبىلىگە ئارتىلىدۇ ،

ئۇنىڭ ئۇرۇق – تۇغقانلىرى بارلىق قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا

پېتىنالمايدۇ ، ئۇنىڭ قان پۇلىنى بەرسەكلا ئىش پۈتىدۇ . »
(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى 1.قىسىم 126.بەت )

بۇ سۈيىقەستلىك تەدبىرگە ئەقىل ۋە پىلان ئىگىلىرىدىن قارشى چىقىدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىغان ھالدا « ئۆلتۈرۈش » ـ كەسكىن

قارارغا ئايلانغاندىن كېيىن ، بۇ ئۇلۇغ رەھبەرنى مەككە تاغۇتلىرىنىڭ قارا قولى ، رەزىل سۇيىقەستلىرىدىن قوغداش ئۈچۈن ئىشقا سالغان يوشۇرۇش ، مەخپىيەتچىلىك ، ئاگاھلىقتا ئىگە قاتتىق ئېھتىيات قىلىش تاكتىكىلىرى بۇ بۇ نوقتىنى تېخمۇ نامايەن قىلىدۇ .

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ تەرجىمھالىغا ئائىت كىتابلاردا بايان قىلىنغاندەك ھىجرەتنى ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قاتتىق يوشۇرۇش ، ئىنچىكىلەپ كۆزىتىش ۋە پۇختىلاپ تەدبىر تۈزۈش ۋە تەييارلىق ئۇسۇللىرى قوللىنىلغان مانا بۇ ھىمايە قىلىش ( قوغداش ) ، مانابۇ پىداكارلىق تۆۋەندىكى كۆرنۈشلەردە ئەڭ ئۇلۇغۋار ھالەتلەردە ئەكس ئېتىدۇ:

1.ئەسەبىيلەرچە يالىڭاچلانغان قېلىچلارنى كۆتۈرۈپ،قانلىق پاجىئە پەيدا قىلماقچى ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ پەخرلىنىشىگە ئەرزىيدىغان ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى قەتلى قىلماقچى بولغان كېچىدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاشۇ پەيغەمبەرنىڭ ياتىدىغان ئورنىدا يېتىشى بولۇپ ، ئۇ مەككە كاپىرلىرىنىڭ مۇشۇ كۆرپىدە ياتقان ئادەمنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلغانلىقىنى ئۇبدان بىلەتتى.ياتقان كىشىنىڭ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئەمەس ، بەلكى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىشتىن بۇرۇن پاجىئە يۈز بېرىپ بولاتتى. چۈكى بۇ ئورۇندا ياتىدىغان كىشىنىڭ ئاللىقاچان غايىب بولۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا ئادەمنىڭ يېتىش ئىشى ئۇلار ياكى باشقىلاردىن ھېچكىمنىڭ كۆڭلىگە كەلمەيدىغان ئىش ئىدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پىكرىنى رەت قىلمىدى ، گەپ

كوچىلاپمۇ يۈرمىدى . ئۇلارنىڭ قانلىق قىلىچلىرىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن يوتقاننى ئىچىۋېتىپ ياتمىدى ، بەلكى كاپىرلار ئۇقالمىغۇدەك دەرىجىدە بېشىنى ئوراپ ياتتى . قورقۇپ قالمىدى. ئۇ ئۆمرىدە بىرقېتىم كەلگەن ھەممە ئادەمگە ئەمەس ، ئايرىم ئادەملەرگىمۇ نېسىپ بولمايدىغان پۇرسەتكە ئېرىشكەنلىكىدىن ئىنتايىن بەختلىك ھەم خوشال ئىدى. تەقدىر ئۇنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ رەھبەرنى قوغداش ، ئۇنىڭ ھايات قېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن

تەسۋىرلىگۈسىز شان – شەرەپكە نائىل قىلدى .

2.غارغا كىتىۋاتقان يولدا. رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم سەۋر غارىغا كىتىۋاتقاندا ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاجايىپ ھالنى كۆردى . ئۇ بىردەم ئالدىدا ماڭسا ، بىردەم كەينىدە ماڭاتتى. بىردەم ئوڭ تەرىپىدە ماڭسا ، بىردەم سول تەرىپىدە ماڭاتتى. بۇنىڭ نىمە ئۈچۈنلىكىنى سورىغاندا ، ئۇ : « ئى رەسۇلۇللا ، مەن مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىنى تۇتۇشقا بىرىنچى دەرىجىلىك تۇتۇش ئىلانى چىقارغانلىقىنى ، مەككە

يوللىرىنى قامال قىلىپ چاپارمەنلەرنى تەرەپ – تەرەپكە ئەۋەتىپ

ئۆزلىرىنى قاتتىق ئىزدەۋاتقىنىنى ئەسلىگىنىمدە ، سىلىگە بىرەر كىلىشمەسلىك بولۇپ قالارمۇ دەپ ئۇلارنى كۆزىتىش ئۈچۈن ھېلى ئالدىلىرىدا ، ھېلى ئارقىلىرىدا ، ھېلى ئوڭ تەرەپلىرىدە ، ھېلى سول تەرەپلىرىدە ماڭدىم ، ئۆزلىرىدىن ھېچ خاتىرجەم بولالمىدىم . » دەپ جاۋاب بەرگەن

( « بىدايە ۋە نىھايە » نىڭ 1.قىسىم 190 .بېتىدىن

ئېلىندى . )

ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش قېرى – ياش ھەممە كىشىنىڭ

قوماندانىنى قوغدىشى ، ئۇنىڭ ئۈۋچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىشى ، رەھبەرگە بىر ئىش يىتىپ قېلىپ ، دەۋەتكە پايدىسىز ئامىللارنىڭ

يۈز بىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىشى ، ئۇنى ئىچ – ئىچىدىن دوست

تۇتۇشى – ئەمىلىيەتتە دەۋەتكە قىزىققانلىق ، دەۋەت ئىشىنى

ساقلاپ قېلىشقا قىزىققانلىق ،الله توغرىسىدا دوست تۇتقانلىق ۋە اللەنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش يولىغا ئۆزىنى ۋە بارلىقىنى ئاتىغانلىقتۇر.

3.قوماندانىنى پەقەت ئۆلتۈرۈلۈش ۋە سۇيىقەستتىن قوغداشنىڭ ئۆزىلا يىتەرلىك ئەمەس بەلكى ئۇنى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن ، كۆپ بولسۇن ياكى ئاز بولسۇن يامان كۆرۈلىدىغان ھەممە نەرسىدىن قوغداش لازىمدۇر. بۇ ھەقتە شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھاب رەھىمەھۇللا مۇنداق دەيدۇ : «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم غارغا كىتىۋاتقاندا يەرگە ئىزىنىڭ تولۇق چۈشمەسلىكى ئۈچۈن پۇتىنىڭ ئۇچىدا ياكى ئەتراپىدا ماڭغانلىقتىن ، غارغا بىرىپ بولغۇچە ، مۇبارەك پۇتلىرى ئىششىپ ، قاپىرىپ كەتكەن ۋە قان ئېقىشقا باشلىغان . ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھاپاچ قىلىپ مىڭ تەسلىكتە غار ئالدىغا ئەكەلگەن. (مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھابنىڭ « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى » دىگەن كىتابىنىڭ 167.بېتىدىن ئېلىندى. )

الله ئەڭ بۈيۈكتۇر ! ھەرىكەتنىڭ قېرى – ياشلىرى رەھبەرگە ئۆزىنى مۇشۇ دەرىجىدە بېغىشلىسا ، ئۇلار ئۆزى رەھبەر بولغاندا ئۇلارغا باشقىلار قانچىلىك پىداكارلىق كۆرسىتەر – ھە!

4.ئىككىسى ئۆڭكۈرگە يېتىپ بارغاندا ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم كىرىشكە تەمشەلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ :« ئى رەسۇلۇللا ، ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ تۇرسىلا ، مەن كىرىپ ئۆڭكۈرنى سۈپۈرۈپ تازىلىۋېتەي ، ئۇنىڭدا بىرەر زىيانداش ھاشارەت بولسا سىلىگە زەرەر يەتكۈزمىسۇن ، دەيدۇ ۋە ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ، زىيان سالىدىغان بىرەر نەرسىنى تاپالمىغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ ، قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئەبۇبەكرىنىڭ پۇتىغا بېشىنى قويۇپلا ئۇخلاپ قالدى .

مانا بۇ كۆرنۈشلەر ۋە بۇنىڭدىن باشقا مەزكۇر كىتابچىگە يېزىپ بولۇش مۇمكىن بولمايدىغان كۆرنۈشلەر دۈشمەننىڭ رەھبەرگە سۈيىقەست قىلىش ، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ، ئۇنىڭ غايە – مەقسەتلىرىنى ئىلگىرى – كېيىن بىرىنچى دەرىجىدىكى باش مەقسەت – نىشان قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ .

مانا بۇ ئىسلامىي ھەرىكەت ياشلىرىنىڭ رەھبەرنى قوغداش ، ئۇلارنى قوغداش جەريانىدا قىممەتلىك نەرسىلەرنى پىدا قىلىشتا ئاڭلىق ھالدا ئىپسدە چىڭ ساقلاشقا تىگىشلىك بولغان موھىم دەرسلىكتۇر .

ئۇلار بولۇپمۇ ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ« قوماندانلار ۋەرەھبىرىي كادىرلارنى ئۆلتۈرۈش ، قەستلەش ، سۈيىقەست قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىسلامىي ھەرىكەتنى ئاخىلاشتۇرىمىز . »دىگەن خىيالىدىن ئۈمىد سىزلەندۈرۈش ، ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن قوماندانلارنى بارلىقى بىلەن قوغدىشى كېرەك.

ھۆكۈمدارلار ۋە تاغۇت ئەمەلدارلىرى ئۈستىدە ئاز – تولا ئويلانغان

ئادەم ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورنى ، ساپاسى ، ھېس – تۇيغۇسىنىڭ

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىسلامىي ھەرىكەتكە چىش –

تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ، ھەرىكەت رەھبەرلىرىنى

يوقىتىشقا جان – جەھلى بىلەن تىرىشۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيدۇ .

ئاگاھلاندۇرۇش : ھەقىقەتەن ئىسلام دۈشمەنلىرى« ئىسلامىي ھەرىكەتلەر ۋە دەۋەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە قوماندانلىرىنى يوقىتىش بىلەن ئىسلامىي ھەرىكەتلەر ، قارشى تۇرۇشلار ۋە جىھادىي ھەرىكەتلەر تۈگىشىدۇ ياكى يوقىلىدۇ .» دىگەن ئويدا بولغان بولسا ھەقىقەتەن خاتالاشقان بولىدۇ ، گەرچە رەھبەرنىڭ يوقىتىلىشى بىلەن رەھبەرلىك رولى ۋە ھەرىكەت ئەھۋالىغا ئېغىر خەتەر يەتكەن تەقدىردىمۇ ، ھەرىكەت روھى ۋە جىھاد روھىنىڭ تامامەن يوقالغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ .

ئۇستاز مۇنىر غەزبان ئېيتقاندەك ، رەھبەرلىكنىڭ سۈيىقەستكە ئۇچرىشى بىلەن ھەرىكەت داۋاملىق شەكىلدە توختاپ قالمايدۇ ،

توختاپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس . ھەرىكەت ئاز – تولا توسالغۇغا

ئۇچرايدۇ، كۆكۈللەرە ئۇلۇغۋار مەنىلەر قايىنام – تاشقىنلىقىغا ئايلانغان دەۋەت ياشلىرىنىڭ رەھبەرنىڭ يوقىتىلىشى بىلەن جىھادىي ھەرىكەتلەر ، ئىسلام ئۇستۇنلۇكى ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلغان قانلىق مەيلى قانىسىز كۈرەشلەر ھەرگىز ئاخىرلاشمايدۇ ياكى بىرئىزدا توختاپ قالمايدۇ ، بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . (ھەرىكەت يولى 190. بەت )

مۇشۇ دەرسلىكتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى ، رەھبەرنى قوغداش ۋە ئۆزىنى پىدا قىلىش دىنىي جەھەتتىن پەرز، سىياسىي جەھەتتىن تەخىرسىز زۆرۈرىيەتتۇر.

# 17.دەرس   قارار   چىقىرىشنى رەھبەرلىككە تاپشۇرۇش

قارار ـ جامائەتكە يۈزلەنگەن بۇيرۇق ياكى چەكلىمىلەر بولۇپ ، سىياسەتلەرنى بېكىتىدۇ ، پىروگراممىلارنى بەلگىلەيدۇ ،

پىلانلارنى ئورۇنلايدۇ ، غايە — مەقسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ ،

دۆلەتنى تەرەققى قىلدۇرۇپ ئالغا سىلجىتىدۇ . دۆلەتنىڭ ئەھۋالىنى يۈكسەلدۈرىدۇ . بولۇپمۇ بۇ قارار ئەتراپلىق بىلىش ۋە مەسلىھەت كېڭىشىدىن ئۆرگىنىپ چىققان ، خەۋەردارلىق ۋە بىلىشتىن بارلىققا كەلگەن ، ھېكمەت ۋە ئەقىل ئىشلىتىشنى مەنبە قىلغان بولسا .

قارارسىز قەلب خاھىشلىرى شاخچىلارغا چېچىلىپ كېتىدۇ ، يوللار بۆلۈنۈپ ، سىياسەتلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ . مەنپەئەتلىك ، كېرەكلىك ئامىللار ئەمەلدىن قالىدۇ.

شۇ سەۋەبلىك : بىرىنچىدىن قارار بولمىسا بولمايدۇ . ئىككىنچىدىن : چىقىرىلغان قارارغا بوي سۇنماي ۋە ئۇنى ئىجرا قىلماي بولمايدۇ .

رەھبەرلىك بىردىنبىر قارار ساھىبىدۇر !

چۈنكى رەھبەرلىك ئەتراپلىق كۆرىدۇ ، مەلۇمات دائىرىسى كەڭ ، ئىلمى مول ، ئەتراپلىق ، نەزىرى ئۆتكۈر بولىدۇ . پۈتۈن سەپ ۋە پۈتۈن لىنىيە بويىچە رەھبەر توغرا كۆرگەننى قوبۇل قىلىش ، بېكىتكەننى ئىجرا قىلىش ، بۇيرۇلغاننى تولۇق ئىجرا قىلىش ۋاجىب بولىدۇ . ناگاھان رەھبەر شەرىئەت يامان ئىش

دەپ بېكىتكەن  بىرەر يامان ئىشقا بۇيرۇمسا ياكى ياخشى ئىش قىلىشتىن توسمىسا .

«غورۇرلۇقلار باغچىسى » دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان بار : « ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتى تاماملانغاندىن  كېيىن رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەنسارىيلارغا ، ـ

ئۆزۈڭلار چۈشكەن يۈك – تاقلىرىڭلار بار جايغا قايتىپ كېتىڭلار

، ـدەيدۇ. ئەنسارىيلار ئارىسىدىن ئابباس ئىبنى ئۇبادە ئىبنى نەزلە ئۇنىڭغا ، ـ ئى رەسۇلۇللا ، سېنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ھەققەت بىلەن ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى ، ئەگەر سەن خالىساڭ ئەتە ئەتىگەن مىنادا تۇرغان ئادەملەرگە قىلىچلىرىمىز بىلەن ھوجۇم قىلىمىز ، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ، ـ ياق، بىز بۇنىڭغا بۇيرۇلمىدۇق ، لېكىن ياتىقىڭلارغا قايتىڭلار ، ـدەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىز قونالغۇلىرىمىزغا قايتىپ ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىدۇق . » («غورۇرلۇقلارباغچىسى »2.قىسىم 188.بەت )

ئەنە شۇنىڭدەك ساھابىلەر ( الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن ) نەزىرىدە ئىش باشتىمۇ ، ئاخىرىدىمۇ  ناھايىتى ئېنىق ۋە روشەن ئىدى.

باشتا ئۇنىڭغا « ئەگەر سەن خالىساڭ ئەتە ئەتىگەن مىنادا تۇرغان ئادەملەرگە قوراللىق ھوجۇم قىلىمىز . » دېگىنى ـ « ئى رەسۇلۇللا ، ھەممە ئىشتا ساڭا ئىتائەت قىلىمىز ، قارار چىقارغۇچى

– سەن .»دېگەنلىكتۇر .

ئاخىرىدا بولسا «بىز ياتاقلىرىمىزغا   قايتىپ ، تاڭ ئاتقۇچە

ئۇخلىدۇق . » دەيدۇ. مانا بۇ سوئال – سوراقسىز ، رەھبەرنىڭ

ئېغىزىنى تاتىلىماستىن   ياكى ئىجرا قىلىشنى كېچىكتۈرمەستىن ، ماقۇللانغان قارارنى ئورۇنلىغانلىق ئەمەسمۇ ؟!!

مانا بۇ – رەھبەرلىك مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشىدىغان سەۋەبلەر

ۋە ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، قوشۇننىڭ قارار چىقىرىش ھوقۇقىنىڭ پەقەت رەھبەرگە تېگىشلىكلىكىنى تولۇق ئاڭلىقلىق بىلەن بىلگەنلىكى ۋە چىقىرىلغان قارارنى ئىتىرازسىز ، ئىجرا قىلىشنى كېيىنگە سۈرمەستىن دەرھال ئىجرا قىلىشقا ئالدىرىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

مانا بۇ ئىتائەت  ـ شەرىئەت پەرز قىلغان ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ ، ، ئىسلام ئۈنىڭغا بۇيرۇق قىلغان ، رەھبەرلىك ئۈچۈن تەكلىپ قىلغان ، ئەسكەرلەرنى رىغبەتلەندۈرگەن چىڭ

تۇتقۇچىلارغا ئەجىر – مۇكاپات ۋەدە قىلىنغان ئىشتۇر .

« ئى مۆمىنلەر ، اللهغا ، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار . »(4.سۈرە 59.ئايەت )

ئىمام بۇخارى ، ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ : « ماڭا ئىتائەت قىلغان كىشى اللهغا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ ، ماڭا ئاسىي بولغان كىشى اللهغا ئاسىي بولغان بولىدۇ ، مىنىڭ

ئەمىرىم ( ئەمىر – قۇرئان ۋە سۈننەت كۆرسەتمىسى بويىچە

شەرىئەت قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان مۇسۇلمان خەلىپە ، پادىشاھ ، باشلىق بولۇپ يوقۇرىسى دۆلەت باشلىقىدىن تارتىپ تۆۋىنى مەھەللە باشلىقى ھەتتا ئائىلە باشلىقىغىچە كۆزدە تۇتۇلىدۇ .) گە ئىتائەت قىلغان كىشى ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ، مېنىڭ ئەمرىمگە ئاسي بولغان كىشى ، ماڭا ئاسي بولغان بولىدۇ . »دىگەننى رىۋايەت قىلىدۇ . (سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىم )

ئىككىسى يەنە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ : «مۇسۇلمان كىشى گۇناھ ئىشقا بۇيرۇلمىسلا مەيلى ياخشى كۆرۈلىدىغان مەيلى يامان كۆرۈلىدىغان ئىشتا بولسۇن (مۇسۇلمان ) باشلىقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭغا بوي سۇنۇش ۋاجىبتۇر ، گۇناھ ئىشقا بۇيرۇسا ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش يوقتۇر. »دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ . (سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىم )

ئىككىسى يەنە ئابدۇللا ئىبنى ئاббاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ : «ئۆز ئەمىرىدىن يامان كۆرىدىغان بىرەر ئىشنى كۆرگەن ئادەم ، سەۋىر قىلسۇن ، چۈنكى جامائەتتىن بىر غېرىچ ئايرىلىپ ئۆلگەن ئادەم جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلىدۇ. »دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ . (بۇخارى ۋە مۇسلىم )

يوقارقىلارنىڭ ھەممىسى : « قارار چىقىرىش – رەھبەرلىكنىڭ قولىدا بولىدۇ .» دىگەن ئۇقۇمنى كۆرسىتىدۇ .

ئەگەر ئىش ئاشۇنداق بولمىسا ، باشباشتاقلىق ئومۇملىشىپ

مالىمانچىلىق بارلىققا كېلىدۇ . مەسئۇلىيەت زايا بولۇپ تۈگىشىدۇ . بەزى چاغلاردا مۇشۇ ئۇقۇمنىڭ يوقىلىشى سەۋەبلىك ياكى مۇشۇ ئۇقۇمنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنىنى بىلىشنىڭ يوقالغانلىقى سەۋەبلىك ، كىشىلەرگە ئالا كۆڭۈللۈك ، خىيانەتچىلىك ۋە غۇۋالىق سىڭدىلىپ كىردى . ئەقىللەرگە قالايمىقانچىلىق قاراڭغۇ تۇمان تاشلىدى. پىتنە

– پاساد تۇيغۇلىرى باش كۆتۈردى.

بەزى چاغلاردا ئىشنى ئۆز ئەھلى بولغان لاياقەتلىك كىشىلەردىن تالىشىپ ، تۆردىن ئورۇن تالىشىش ، موھىم ئورۇنلارغا كۆز ئالايتىش ، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىشكە ئورۇنۇش سەۋەبلىك ، كۆڭۈللەردە ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا ئۆچ – ئاداۋەت ھەسەدخورلۇق ئوتلىرى تۇتاشتى . ئەقىللەر گەدەنلەرگە ئۆتۈپ قالدى . پىتنە – پاساتلار گىرىم قىلىپ ئۆزىنى چىرايلىق كۆرسەتتى.

ئەيتاۋۇر ، ئۇنداق ياكى مۇنداق ھادىسىلەر يۈز بەرگەنلىكتىن ، چۈشەنچە ۋە ئۇقۇملار چېچىلىپ كەتتى. ، كۈچ – قۇۋۋەتلەر چاك تورانغا ئايلىنىپ كەتتى. جامائەت ئاجىزلاشتى . بىرلىك سەپلەر پارچىلاندى . كۆپچىلىك ئايرىم – ئايرىم ھالدىكى كۆپ قۇتۇپلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. تۆھمەتلەر كۆپەيدى ، كەشپىيات – ئىلمىي ئىختىرالار ئازايدى . غەلىبە – نۇسرەت يىپراقلاشتى.

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ :« ئىككى خەلىپە تەڭ چىقسا ، بىرىنى ئۆلتۈرىۋېتىڭلار . » ( سەھىھۇل مۇسلىم ) « بىر باشلىققابەيئەت قىلىپ ، ئۇنىڭغا قەلبىنى ئاتىغان كىشى قولىدىن كىلىشىچە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى لازىم . ئەگەر بۇ باشلىقتىن ھوقۇق تالىشىدىغان يەنە بىرى چىقسا ، ئۇنىڭ بونىغا

قېلىچ بىلەن ئۇرۇڭلار . » دىگەن سۆزلىرىنىڭ سىر – ھېكمىتىنى

ھېس قىلدۇق. ( سەھىھۇل مۇسلىم )

يوقارقى بايانلار رەھبەرلىكنىڭ بىرلىكىنى، قارار ماقۇللاشنىڭ بىرلىكىنى ، سەپ بىرلىكىنى.... ئاخىرىدا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىكىنى ساقالپ قېلىش ئۈچۈن ئورۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھازىر يەتكۈچە تارتىۋاتقان جاپا – مۇشەققەتلەر ، كۆزلەردىن

ئېقىۋاتقان قان – ياشلار،يۈرەكلەرنىڭ قان – زەردابقا تولۇشى

،قۇمدەك چېچىلاڭغۇ بولۇش ... لارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى مۇشۇ ئۇقۇملارنىڭ يوقالغانلىقى ياكى ئۇنىڭغا تەسلىم بولمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

# 18.دەرس مۇشرىكلاردىن پايدىلىنىش

مۇشرىكلاردىن پايدىلىنىش دۇرۇس ، ئەمما ياردەم سوراشقا رۇخسەت يوق . چۈنكى اللەدىن باشقىدىن ياردەم سوراشقا بولمايدۇ. بۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ھىجرەت دەرسلىكىدە ئوچۇق ۋە روشەن ئىشتۇر.

سەھىھۇل بۇخارىدا  بايان قىلىنىشچە : رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم  بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەنى دەيل قەبىلىسىنىڭ بەنى ئەبدى ئىبنى ئەدىي جەمەتىدىن ئاس ئىبنى ۋائىلنىڭ ئىتتىپاقدىشىغا ئۆتكەن ماھىر يول باشلىغۇچىدىن بىرنى ھەق بىرىپ ياللىغان ئىدى. بۇ ئادەم ئىسلامغا كىرمىگەن بولۇپ ، قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ دىنى ئىتىقادىدا ئىدى. بۇ ئادەم گەرچە كاپىر بولسىمۇ تۆۋەندىكى (ھازىرتوختىلىپ ئۆتىمىز ) شەرتلەرنى ھازىرلىغان ، ئۇ ئىككىسى ئىشىنىدىغان كىشى بولغاچقا ئۇنىڭغا مىنىدىغان ئۇلاق بىرىپ ، ئۈچ كۈندىن كىيىن ئەتتىگەن سەۋر غارىدا ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشتى .

ئۇبدان ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلە شۇكى : مۇشرىكلاردىن تولۇق پايدىلىنىش ئۇچۇن تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئېتىبارسىز قالدۇرماسلىقىمىز ، چوقۇم تۆۋەندىكى شەرتلەرگە رىئايە قىلىشىمىز لازىم .

1.پايدىلانماقچى بولغان مۇشرىك ئادەم كەم تېپىلىدىغان ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ ، ئۇنىڭ قىلالايدىغان ياكى بىجىرەلەيدىغانلىرىنى قىلالىغۇدەك مۇسۇلمان تېپىلمىسا .

2.شۇ ساھەدە ئالاھىدە ماھارەت ئىگىسى بولسا ، مول تەجرىبىسى

بولسا.

3. ئەسكەر ياكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان ياكى مۇسۇلمانلار بىلەن بىلەنكى ئۇرۇشتا ئۆز قوشۇنىغا ياردەم بىرىدىغان دۈشمەن تەرەپتە تۇرىدىغان ئادەم بولمىسا .

4.تەجرىبىدىن ئۆتكەن ، ئىشەنچلىك ، كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلىدىغان بولۇشى كېرەك . چۈنكى قورقۇنچاق ، مەخپىيەتچىلىكنى ئېچىپ قويۇش ئېھتىمالى بولغان مۇسۇلماننىمۇ بۇ ساھەدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . كاپىرئىشەنمەسلىككە ، بۇنداق ۋەزىپىلەر تاپشۇرۇلماسلىققا ئەڭ لايىقتۇر .

5. مۇسۇلمانلارغا قارىتا كۆزقارشى ياخشى بولۇش لازىم .

ھەممىگە ئېنىقكى ، ئەينى چاغدا رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ھىجرەت يۈرۈشىدە قۇرەيشلەرنىڭ ئىز قوغلاپ تۇتۇۋېلىشى ياكى باشقا ئىشلارنىڭ يۈز بىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

ئۈچۈن تامامەن مەخپىي ، ئوڭغۇل – دوڭغۇل ، كىشلەر مېڭىپ

ئادەتلەنمىگەن ئارقا يوللاردىن مېڭىشنى قارار قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇنداق مەخپىي يوللارنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز ھەتتا يوق دىيەرلىك ئىدى . مەزكۇر مۇشرىك ئادەم ئابدۇللا ئۇرەيىقىت ئەنە شۇ كەم تېپىلىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ ، يوقاردا سۆزلەپ ئۆتكەن شەرتلەر ئۇنىڭدا تېپىلغانلىقى ئۈچۈن ھىجرەت سەپىرىدە يول باشلىشى ئىختىيار قىلىندى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتىدىن ئۆرگۈگەن بۇ دەرسلىك كاپىرلار بىلەن بولغان تۇرلۇك ئالاقىگە نەق ئىشارەتلەر قىلىپ ئۆتكەن .

تۆۋەندە ئۇنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز .

1. كاپىرلارنى ئۆزىگە باشپاناھ قىلىش ، دوستلىشىش – كەسكىن

چەكلەنگەن ۋە ئېنىق ھارام قىلىنغان ئىشتۇر . اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ : « ئى مۆمىنلەر ، يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار ، ئۇلار بىر-بىرىنى دوست تۇتىدۇ . سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن ، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ ، الله زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ . » « ئى مۆمىنلەر سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارالار)دىن دىنىڭلارنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلغانلارنى دوست قىلىۋالماڭلار. ئەگەر (ھەقىقى ) مۆمىن بولساڭلار ، اللەدىن قورقۇڭلار. » ( 5.سۈرە 51.ئايەتتىن 57.ئايەتكىچە )

2. مۇسۇلمانلار بىلەن جەڭ قىلمايدىغان ، ، مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولغان ، مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە ياردەملەشمەيدىغان

كاپىرلارغا خەيرى – ئېھسان قىلىشقا بولىدۇ. بۇھەقتە اللەتەئالا

مۇنداق دەيدۇ :« كاپىرلاردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك ، الله ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن ، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن توسمايدۇ . شۈبھىسىزكى الله ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. » ( 60.سۈرە 8.ئايەت ) ئەمما مۇسۇلمانلار بىلەن جەڭ قىلىدىغانلارغا مۇنۇ ئالاقە بىكىتىلىدۇ : « الله دىن ئۇچۇن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان ، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ . كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن ، ئۇلار زالىملاردۇر . » ( 60.سۈرە 9.ئايەت )

3. مۇشرىكلاردىن ياردەم سوراش ، قەتئىي چەكلەنگەن ، كەسكىن ھارام قىلىنغان ئىش بولۇپ اللەدىن غەيرىدىن ياردەم سوراش

دىمەك شىرىك كەلتۈرۈش دىمەكتۇر. مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاپەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس بۇ نوقتىنى ئېنىق بايان قىلىدۇ : « رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسسەللەم بەدرى غازىتىغا ئاتلىنىپ ‹بەھرەتۇل ۋەبرە›(جاي

نامى )دىگەن جايغا يەتكەندە ، كىشىلەر ئالاھىدە باتۇر ، ئۇرۇش ماھارىتى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ، دەپ تونۇشتۇرغان مەدىنە مۇسۇلمانلىرىغا ئالاھىدە چۈشەنچە بەرگەن بىر مۇشرىك ئادەم بىلەن ئۇچرىشىدۇ. مۇشرىك ئادەم : ـئى رەسۇلۇللاھ ، مەن سىلىگە ئەگىشىپ جەڭ قىلغىلى كەلدىم . سىلىنىڭ سەپلىرىدە دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىمەن ، ـدەيدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ، ـ سەن اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنەمسەن ؟ ـدەپ

سورايدۇ . مۇشرىك ئادەم ، ـ ياق ، ئىشەنمەيمەن ! — دەپ جاۋاب

بىرىدۇ .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : ـقايتىپ كەتكىن ، ، مەن مۇشرىك ئادەمدىن ھەرگىز ياردەم سورىمايمەن ،ـدەيدۇ . ئائىشە

ئېيتىدۇ : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ‹

بەيدا›دىگەن يەرگە كەلگەندە ھىلىقى ئادەم يەنە ئۇچرىشىپ ،

ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئېيتىدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يوقارقى سوئالنى قايتا سوراپ : «ـسەن اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنەمسەن؟»دەيدۇ .ئۇ ئادەم : « ـھەئە ئىشىنىمەن . »دەيدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « ئۇنداقتا بىز بىلەن يۈرگىن . »دەيدۇ. (سەھىھۇل مۇسلىم )

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللا ئابدۇراھمان ئىبنى ھەبىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىدۇ . ئابدۇراھمان مۇنداق دەيدۇ : « رەسۇلۇللاسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم غازاتقا ئاتلانماقچى بولغىنىدا ، مەن قەۋمىم ئىچىدىن مۇسۇلمان بولمىغان بىر ئادەم بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدۇق ۋە : قەۋمىمىز قاتناشقان جەڭلەرگە ئۇلار بىلەن بىرگە قاتناشماي تۇرۇۋېلىشتىن نومۇس قىلىمىز ، بىزنىمۇ قاتناشتۇرغان بولساڭ ، ـ دىدۇق . ئۇ :ـ سىلەر ئىككىڭلار مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ ؟ـ دىدى . بىز : ـ ياق ، ـ دىدۇق. ئۇ : ـ بىز مۇشرىكلارغا قارشى مۇشرىكلاردىن ياردەم سورىمايمىز ، ـ دىدى. بىز دەرھال مۇسۇلمان بولۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە جەڭگە قاتناشتۇق .» (مۇسنەد )

ئىبنى مۇنزىر « يوقارقى دەلىل – ئىسپاتلاردىن باشقىمۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلاردىن ياردەم سورىغانلىقى ھەققىدە بىرەر نەرسە ئۇچراتمىدۇق ، ياردەم سورىغانلىقى مەلۇم ئەمەس . » دەيدۇ.

ئاگاھلاندۇرۇش

مۇشرىكلارغا قارشى مۇشرىكلاردىن ياردەم سوراش شەرىئەتتە مەنئىي قىلىنغان ئىش بولسا ، مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇشرىكلاردىن ياردەم سوراش تېخىمۇ قاتتىق مەنئىي قىلىنىدۇ ، بەلكى قاتتىق ھارامدۇر .

( « تىنچلىق يولى » 4.توم 49.بەت )

4. مۇشرىكلارنى ياللاپ ئىشلىتىش يوقاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن شەرتلەر بويىچە بولسا مۇباھتۇر.

يوقاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھەدىس پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشۇنداق قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « ئابدۇللا ئىبنى ئۇرەيقىت » دىگەن مۇشرىك ئادەمنى ياللاپ ئىشلەتكەنلىكى ، ھىجرەت سەپىرىدە ئۇنىڭدىن پايدىلانغانلىقى ناھايىتى كاتتا دەرسلىك سانىلىپ ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ناھايىتى كەڭ مەرىپەت ئويۇقى ئېچىپ بىرىدۇ . مۇشرىكلاردىن قايسى نەرسىلەردە پايدىلىنىش تۈرلىرىگە قارىتا داغدام يول ئېچىپ بىرىدۇ . پايدىلانماقچى بولغان مەنبە قانداق بولسۇن ، ئەقىدىگە زىيان سالىدىغان ياكى دىنىدىن چېكىندۇرىدىغان بولماسلىقى كېرەك . ناۋادا ئۇنداق ياكى مۇنداق

ئەھۋال كۆرۈلسە پايدىلىنىشقا قەتئىي بولمايدۇ . « ھېكمەت –

مۆمىننىڭ يوقىتىپ قويغان نەرسىسىدۇر، ئۇنى قەيەردىن بولسۇن ئىزدەپ تېپىشى كېرەك . » (ھەدىس)

يەنە بۇ دەرس مۇسۇلمانلارنىڭ تەبىئەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە مۇشۇ جەريانىدا مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن مۇشرىكلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ، ئىلمىي كەشپىياتلىرى ، سانائەتلىرى ۋە ئىختىرا قىلغان نەرسىلىرىدىن پايدىلىنىشقا ئىشىك ئېچىپ بىرىدۇ. بۇنداق ھالەتتە ئىجاد قىلغان ياكى كەشىپ قىلغان ياكى ياساپ چىققان كىشىنىڭ كىملىكى موھىم ئەمەس . چۈنكى كىشىلەر ئېيتقاندەك : ئىلىمنىڭ جىنسىي ، مىللىتى ، ۋەتىنى بولمايدۇ .

لېكىن پايدىلىنىش – ئەقىدىگە زىيان سالىدىغان ، دىنى

جەھەتتىن چېكىندۇرىدىغان ، مۇسۇلمانلارنى مۇشۇ ساھەلەردە ئۇستۇنلۇك قازىنىشتىن توختىتىپ قويمايدىغان بولۇشى شەرت.

ئىمام تىرمىزى ئەبۇ سەئلەبە خەشەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن

مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ . ئەبۇ سەئلەبە ئېيتىدۇ : مەن رەسۇلۇللا سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە ، ئۇنىڭدىن

ئاتەشپەرەسلەرنىڭ قازان – قۇمۇشلىرىنى ئىشلەتكىلى بولۇش –

بولماسلىقى توغرىسىدا سوئال سورالدى . ئۇ :« قازان – قومۇشلارنى

پاكىزە يۇيۇڭلار، ئاندىن قاينىتىپ يەڭلار. »دىدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئەبۇ سەئلەبە ئېيتىدۇ :مەن رەسۇلۇللا سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە ، ئۇنىڭدىن « ئى رەسۇلۇللا بىز ئەھلى كىتابتىن بولغان بىر قەۋم بىلەن بىرگە

ئولتۇراقلاشقان ، بىز ئۇلارنىڭ قاچا – قۇچىلىرىدا تاماق يېسەك

بولامدۇ ؟ » دەپ سورىدىم . ئۇ : «ئەگەر ئاشۇ قاچىلاردىن باشقا قاچا تاپالمىساڭلار ، پاكىزە يۇيۇۋېتىپ ، ئاندىن يەپ ئىچىڭلار.» دىدى.(تىرمىزى رىۋايىتى )

مانا بۇ شەرتلەرگە مۇسۇلمان ئەمەس ئادەملەر ئادەملەر بىلەن تىجارەت مۇئامىلىلىرى ، ماددىي ئالماشتۇرۇش ، ، تېخنىكا ۋە باشقا ئالماشتۇرۇشلار قىياس قىلىنىدۇ. لېكىن ئېتىقاد ، پىكىر ، ئەقىدە ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىشلاردا ئالماشتۇرۇش قەتئىي، كەسكىن ھارامدۇر.

مۇشۇ تىمىدىن مەلۇم بولغىنى – مۇشرىكنىڭ مۇسۇلمانغا

نىسبەتەن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكى ، ھوقۇقى، رەھبەرلىكى بولماسلىقى بەلكى ھوقۇق ، بۇيرۇق ۋە چەكلەش ، باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش مۇسۇلمانىنىڭ قولىدا بولۇش لازىم .

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ قىلمىشلىرىدىن

مۇسۇلمانلار ئاجىز ھالەتتىكى ۋاقىتلىرىدىمۇ بۇ ھۆكۈم ئۆز – ئۆزىدىن ئوپئوچۇق ۋە يارقىن ھالەتتە  نامايەن بولۇپ تۇرىدۇ . شۇڭا مۇسۇلمانلار كۈچلۈك ھالەتتە بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىش تېخىمۇ موھىم ھۆكۈمدۇر.

# 19.دەرس باشقىلارغا  تۇتۇشقا تىگىشلىك  مەيدانىمىز

مەلۇم بولسۇنكى ، ئىسلامىي دەۋەت مەيدانلىرىدىكى ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرى مۇسۇلمان ياكى مۇسۇلمان ئەمەس دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ . مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە نسبەتەن يوقاردىكى دەرسلەردە ئېنىق بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك شەرئەت بەلگىلىملىرى ئىچىدە ئىنساب بىلەن مۇئامىلە قىلىنىدۇ .

ئەمما مۇسۇلمانغا كەلسەك : (1) ئۇلار ساغلام بولغان ئىسلامىي يۆزلىنىشتە ئېغىر مەسئۇلىيەتنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ . بۇ تۈردىكى كىشلەر توغرا ئاڭ ۋە چۈشەنچە ، بىلىشلەرگە ئېرىشكەن بولىدۇ .

ئۇ گەپ – سۆزلىرى ۋە ئەمىلىي ھەرىكەتلىرى بىلەن الله تەرەپكە

چاقىرىدۇ ۋە ئىسلامىي ھەرىكەت سېپىگە ئۆزىنى بېغىشلايدۇ.

مانا بۇ تۈردىكى  كىشلەر – ئىسلامىي دەۋەتنى ھەقىقىي

ئۆزلەشتۈرگەن كىشلەر بولۇپ ، ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ تايانچ بازىلىرى بولالايدۇ .

(2)بۇ تۈردىكى كىشلەر ئىسلامىي يۆزلىنىشتە مەسئۇلىيەتنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇيۇ، دىنغا بولغان چۈشەنچىسى تازا ساغلام ئەمەس ، ئىسلامنى ئومۇمىي جەھەتتىن چۈشىنىشى يېتەرلىك ئەمەس . بۇ تۈردىكى كىشلەر بىلەن بولغان مۇئامىلە : ئۇلارغا ساغلام يول ، ساغلام ئۇسلۇب ، ئەتراپلىق چۈشەنچە (بىرىش) شەخسلەر ياكى

پىكىرلەرنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرمەستىن ئەگىشىشكە تىگىشلىك بولغانلارغا ئەگىشىش ، قاتتىق بايان قىلىش بىلەن خەيرىيەت ۋە ۋە ئىسلاھات بارلىكى ئىشلاردا ياردەملىشىش ، ھەمكارلىشىش لازىم .

(3) بۇ تۈردىكى كىشىلەر ئىسلامي يۈزلىنىشلەرنى باشلاپ ماڭمايدۇ ، بەلكى باشقا يۈزلىنىشلەرنى ئېلىپ ماڭىدۇ . بەزىدە ئىسلامي يۈزلىنىشلەرنى دۈشمەن تۇتىدۇ ۋە بەزىدە ئۇنداق ئەمەس.

بۇ تۈردىكى كىشىلەرگە تۇتىدىغان مۇئامىلە : بۇلارغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۈمىدۋار ھالدا ئايرىم مۇئامىلە قىلىش كېرەك .

ئىككىنچى تۈردىكى كىشىلەرگە قارىتا : ئىسلامي كۆرنۈشلەرنى ئوچۇق بايان قىلىش ، ئۇلار ۋە دەۋەت ئۈچۈن ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈمىدىدە مۇئامىلە قىلىشىمىز تەكىتلىنىدۇ.

ئۈچىنچى تۈردىكى كىشىلەرنى ئاخىرقى چەك قىلىپ تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ . چۈنكى دەۋەت نىڭ دۈشمەنلىرى ۋە دەۋەتكە توسقۇنلۇق قىلغۇچىلار نىڭ ھەممىسىنىڭ پېشانىسىگە مەڭگۈ دەۋەت ۋە دەۋەت ساھىبلىرىغا دۈشمەنلىك قىلىش پۈتۈلگەن

ئەمەس. بارچە ئەيىب – نوقسانلاردىن پاك بولغان الله قەلبلەرنى

ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر.

شۇڭا رېئاللىقىمىزدا ھېساباتىمىز ۋە ئۇلار بىلەن بولغان مۇئامىلىمىزدە اللەنىڭ ھەقىقەتەن قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغانلىقى ، دەۋەتكە بولغان دۈشمەنلىكنى دەۋەتنى سۆيىدىغان كۈچلۈك ياردەمچىگە ، ئەقەللىيسى ھېچ بولمىغاندا دەۋەت ياردەمچىسى بولمىسىمۇ ، دەۋەت ۋە دەۋەتچىلەرنى ھوجۇم نىشانى قىلمايدىغان ھالەتكە يۆتكەپ قويىدىغانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت

قىلىشۇەتمەسلىكىمىز لازىم .

مانابۇ بىزدىن اللەنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەسلىك ، ئىسلامىي ھەرىكەت رەھبەرلىرى ياخشىلىق ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەر ئالدىدا يوللارنى ئېتىۋەتمەسلىكىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەۋۋىلىدە اللەنىڭ پەزلى — مەرھەمتىگە يېراق ئەمەسكى ، مانا

پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرى بىركۈننىڭ ئەتتىگىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلىرىدىن بولغان كاپىرلار ئىدى. پىرئەۋن ئۇلارغا دۈشمەنلىكىنى تېخمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئېيتتى: « ئۇلار ئېيتتى، بۇ ئىككىسى راستىنلا سېھىرگەر بولۇپ ، سېھىر بىلەن سىلەرنى زېمىنىڭلاردىن چىقىرىۋەتمەكچى ۋە توغرا دىنىڭلارنى يوقاتماقچى . ھىيلەڭلارنىڭ ھەممىسنى جەملەڭلار ( يەنى پۈتۈن

چارە — تەدبىرىڭلارنى بىر نوقتىغا يىغىپ ، بىر ياقىدىن باش

چىقىرىڭلار. ) ئاندىن (قارىغۇچىلارغا ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش ئۈچۈن مەيدانغا )سەپ تارتىپ كېلىڭلار. بۈگۈن ئۈستۈنلۈك قازانغان ئادەم راستىنلا مەقسەتكە ئېرىشىدۇ. » ( 20.سۈرە 63ـ64.ئايەتلەر ) ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىگە جاۋابەن : « ئۇلار ئېيتتى: ـ ئى مۇسا ( ھاساڭنى ) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن ياكى ( ئارغامچا ، ھاسىلىرىمىزنى ) بىز ئاۋۋال تاشلامدۇق ؟ » ( 20.سۈرە 65.ئايەت )ئەتتىگىنى كاپىر تۇرغان مانا بۇ سېھىرگەرلەر مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇشتى. « شۇنىڭ بىلەن سېھىرگەرلەر( سەجدە قىلغان ھالدا يىقىلىپ)، ـھارۇن بىلەن مۇسانىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتۇق ، ـدېيىشتى. » (20.سۈرە 70.ئايەت ) ئۇلار پىرئەۋننىڭ قاتتىق ئازاب ۋە جازالارنى قىغان

تەھدىت ئالدىدا گىگانت تاغدەك تۇردى . « مەن چوقۇم سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارنى ، پۇتلىرىڭلارنى ئوڭ ، چەپ قىلىپ ( يەنى ئوڭ قول بىلەن سول پۇتۇڭلارنى، ئوڭ پۇتۇڭلار بىلەن سول قولۇڭلارنى ) كېسىپ تاشلايمەن . سىلەرنى چوقۇم خورما دەرەخلىرىگە ئاسىمەن . سىلەر قايسىمىزنىڭ ( يەنى مىنىڭ ياكى مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ) ئازابىنىڭ ئەڭ قاتتىق ۋە ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر. »(20.سۈرە 71.ئايەت ) ئۇلار پىرئەۋننىڭ جازاسىدىن قورقۇپ كەتمەستىن ، بەلكى ھەق ئۈستىدىكى باتۇر پىدائىيلار بولۇپ كەتتى. « ئۇلار ئېيتتى: سېنى (يەنى ساڭا ئەگىشىشنى ) ئىختىيار قىلىپ بىزگە كەلگەن ( مۇسانىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان ) روشەن دەلىللەرنى ۋە بىزنى يارىتقان اللەنى ھەرگىز تاشلىمايمىز . ( بىزنىڭ ھەققىمىزدە ) نىمىنى ھۆكۈم قىلساڭ ، شۇنى ھۆكۈم قىلغىن . سىنىڭ ھۆكۈمىڭ پەقەت بۇدۇنيادىلا ئۆتىدۇ. »(20.سۈرە 72.ئايەت )

بۇ كىشىلەر بايرام كۈنىنىڭ ئاخىرىدا پەقەت مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىلا بولماستىن ، بەلكى ئەتتىسگىنى كاپىر ئىدى . كەچلىكى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئاشۇ دىنىنىڭ دەۋەتچىلىرىگە ئايلاندى . تۆۋەندىكى ئايەتتە ئۇلارنىڭ اللە تەرەپكە دەۋەت قىلىپ ، نىمە دېگەنلىكىگە قۇلاق سېلىڭ . « بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى ، سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ بىلەن سېھىر كۆرسەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن دەپ ، بىز ھەققەتەن پەرۋەردىگارىمىزغا ئىمان ئېيتتۇق . اللەنىڭ ( ساۋابى سېنىڭ مۇكاپاتىڭدىن ) ئارتۇقتۇر. اللەنىڭ ( ئازابى سېنىڭ جازايىڭدىن دائىمىيدۇر ، كىمكى گۇناھكار ھالدا اللەغا مۇلاقەت بولىدىكەن ئۇ ( اللەنىڭ دەرگاھىدا ) دوزاخقا

كىرىدۇ . دوزاختا ئۇ ئۆلمەيدۇ ۋە ( ئۇبدان ) ياشمايدۇ. كىمكى مۆمىن بولۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا اللەغا مۇلاقات بولىدىكەن ئۇ ( اللەنىڭ دەرگاھىدا ) يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشىدۇ . ئۇ (دەرىجىلەر )دائىمي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ . ئۇيەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ . ئەنەشۇ ( كۇپرىدىن ۋە گۇناھلاردىن ) پاك بولغان ئادەملەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر. » (20.سۈرە 74ـ75ـ76.ئايەتلەر )

قەلبلەرنى ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچى ، قەلبلەرنى ياراتقۇچى ، قەلبلەرنىڭ ئىگىسى ، قەلبلەرنى يۆتكەپ تۇرغۇچى الله ھەققەتەن

ئەيىب – نوقساندىن پاكتۇر .

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : « رەسۇلىللاسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم : ـ ئى قەلبلەرنى يۆتكەپ تۇرغۇچى الله ! قەلبىمنى دىنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن . »دىگەن دۇئانى كۆپ قىلاتتى. مەن : «ئى اللەنىڭ رەسۇلى ، بىز سىنىڭ اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە ئىشەندۇق ، سەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرگە ھەم ئىشەندۇق . سەن بىزگە بىرەر نەرسە بولۇپ قېلىشتىن قورقامسەن ؟ » دىدىم . ئۇ : «ھەئە ، ھەققەتەن قەلبلەر اللەنىڭ بارماقلىرىدىن ئىككى بارماق

ئارىسىدىدۇر . ئۇ قەلبلەرنى قانداق خالىسا شۇنداق ئۆرۈپ – چۆرۈپ

تۇرىدۇ. » دىدى. ( تىرمىزى )

شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىم بىرەر ئادەمنىڭ داۋاملىق ئەسكى ئادەم بولۇشى ياكى ياخشى ئادەم بولۇشىغا ھۆكۈم قىلىشقا ئاجىزدۇر.

چۈنكى ئۇ اللەنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتىدىكى ئىشتۇر . ئىش ئەنە شۇنداق بولغان ئىكەن ، قايسى بىر كىشىنىڭ دەۋەت ئارقىلىق ياخشى مەنپەتلەرگە ئېرىشىشنى ياكى دەۋەتنىڭ ئۇ كىشى ئارقىلىق ياخشى مۇۋەپپىقىيەتلەرگە ئېرىشىشىدىكى ئۈمىتنى يوق قىلىشقا ئاساسىمىز يوقتۇر. ئۈستىمىزدىكى پۈتۈن مەجبۇرىيەتلەر ۋە

سۈرۈشتۈرۈلىدىغان نەرسىلەر شۇكى ، بىز – بىزدىن تەلەپ

قىلىنغان بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئىخلاسمەنلىك ، ساداقەتمەنلىك ، پۇختىلىق بىلەن ئىشلەيمىز ـ قىلىمىز. نەتىجىلەر، ئىجابەت قىلىنىش ۋاقتى ، قەلبلەرنىڭ ئۆزگىرىشى... قاتارلىقلارنى اللەغا تاپشۇرىمىز .

مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت دەرسلىكىدىكى سۇراقە ئىبنى مالىك بىلەن ئەمەلىي بولغان كاتتا ئىشتۇر.

سۇراقەنىڭ قىسسىسى ھەدىس كىتابلىرى ۋە تەرجىمىھال كىتابلىرىدا ناھايىتى مەشھۇر بولغان قىسسە. مەلۇمكى ، سۇراقەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغلاپ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىشى ، ئۇنى كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئۆلتۈرگۈچىلەرگە قۇرەيشلەر بېرىدىغان كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىدى.

قىسسەدە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇ ئىككىسگە شۇنچىلىك يېقىنلاشتىمكى ، رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم . ئۇ ھېچ نىمىگە قارىمايتتى، ئەبۇبەكرى بولسا كۆپ قارايتتى. ئېتىم ئۆركۈپ تىزىغىچە قۇمغا پېتىپ قالدى. ئوقدىنىمدىن ئوقلارنى چىقىرىپ ، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەيمۇ ؟ زىيان يەتكۈزمەيمۇ ؟دەپ پال ئاچتىم .زىيان يەتكۈزمە

،دىگەن ئوق چىقتى. ئۇنى يولىغا راۋان قىلىپ قويۇپ ، شۇچە كاتتا مۇكاپاتنى قولدىن بىرىپ قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى . يەنە ئارقىسىدىن ئەگەشتىم . يەنە ئۇنىڭ قىرائەت قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغۇدەك يېقىنلاشقىنىمدا ، ئېتىم سەكرەپ كەتتى ۋە بوغۇزىغىچە

يەرگە پېتىپ قالدى. بۇ قېتىم ئېتىمنىڭ پۇت – قولىنى يەردىن

چىقاردىم ۋە ئىككىنچى قېتىم ئوقداندىن ئوق چىقىرىپ ، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەيمۇ؟زىيان يەتكۈزمەيمۇ؟دەپ پال ئاچتىم .زىيان يەتكۈزمە ،دىگەن ئوق چىقتى .كۆڭلۈم يەنە ئۇنىمىدى. يەنە ئاۋۋالقى ئىككى قېتىمقىدەك ئاۋازنى ئىشتكۈدەك يەرگە كەلگىنىمدە ، كۆڭلۈمگە ۋەھىمە كىلىپ، يەنە ئاۋۋالقىدەك بالاغاموۇپتىلا بولارمەنمۇ ؟ دەپ قورقتۇم ۋە :   ـ توختىسىلا،مىنىڭ سىلىگە ئېيتىدىغان سۆزۈم بار. سىلىنىڭ كەلگۈسىدە كاتتا  كىشى بولۇپ كېتىدىغانلىقلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن ، ـدىدىم . ئۇ توختىدى. مەن ئۇنىڭدىن ئامانلىق خىتى يېزىپ بىرىشنى ئۆتۈندۈم ، ئۇ ماڭا ئامانلىق خېتى يازدۇرۇپ بەردى.»

ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق  : « مەن ئۇلاردىن ئامانلىق سوراپ ئۇنلۈك ئاۋازدا چاقىردىم . ئۇلار توختىدى . ئېتىمغا مىنىپ ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدىم . كۆڭلۈمگە  يەنە يوقارقىدەك خەتەرگە يولۇقارمەنمۇ ، دىگەن ۋەھىمە كەلدى. قاتتىق قورقتۇم ۋە ئۇنى ھەقىقەتەن اللەنىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئوخشايدۇ ، الله ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ ئىشىنى چوقۇم پات ئارىدا غالىب قىلىدۇ ، دەپ ئويلىدىم ۋە ئۇنىڭغا : ـ سىنىڭ قوۋمىڭ سىنى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە كۆپ سۆيۈنچە بىرىدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن ۋەدە قىلىشتى ، ـ دېدىم ، كىشىلەرنىڭ نىشانلاۋاتقان ئىشلىرى ۋە

نەرسىلىرىدىن خەۋەردار قىلدىم . ئاندىن ئۇلارغا ئوزۇق — تۈلۈك ۋە

سەپەر لازىمەتلىكلىرىنى تەڭلىدىم ، قوبۇل قىلمىدى ، ماڭا ئازار —

كۆلپەت سالمىدى . باشقا گەپمۇ سورىمىدى . پەقەت : ـ بىزنىڭ مەخپىيەتچىلىكىمىزنى ساقلىغىن ، ـ دېدى. مەن ئۇنىڭدىن ماڭا ئامانلىق خېتى يېزىپ بېرىشنى سورىدىم . ئامىر ئىبنى بۇھەيرانى بۇيرۇپ ، چەمدىن بولغان باغاقچىغا ئامانلىق خېتى يېزىپ بىرىپ، يولىنى داۋاملاشتۇردى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق ئىزدىگەن سوراقە : ـ مەن سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلارنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزۈم چىقىمەن ، بۇ يەردىكى ئىشلارغا ئۆزۈم كۇپايە ، ـدەپ تەكرارلاپ بىردىنلا ئارقىغا قايتىپ كەتتى. سوراقە كۆندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە ئۇ ئىككىسىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن كەينىدىن ئىز قوغلىغۇچى بولغان بولسا ، كۆندۈزنىڭ ئاخىرىدا ئۇ ئىككىسىنى قوغدايدىغان كۆزەتچى ، قوغدىغۇچىغا ئۆزگەردى . »

ئۈچىنچى رىۋايەتتە : « ئەبۇ بەكرى قارىدى ۋە ئۆزلىرىنى قوغلاپ يېتىشۋالاي دەپ قالغان بىر ئاتلىقنى كۆردى ۋە : ـ ئى رەسۇلىللاھ ، بۇ ئاتلىق ئادەم ئارقىمىزدىن يېتىشۋالدىغان بولدى ، ـدىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئۇنىڭغا قاراپ ، ـ ئى الله ! ئۇنى ئېتىدىن يىقىتقىن ، ـدىدى. شۇئان ئۇنى ئېتى يىقىتتى. ئۇ چۈشنىكسىز بىر نىملەرنى دىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ، ـ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى ! مىنى خالىغان ئىشقا بۇيرىغىن ، ـدىدى . پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم:ـ ئورنۇڭدا تۇرغىن ، بىزگە ھېچ كىمنى يولاتمىغىن، ـدىدى.»

ئۇ شۇكۈنىنىڭ ئەتتىگىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسسەللەمنىڭ زىيىنى ئۇچۇن تىرىشىپ چارچىغان كىشى بولغان بولسا ، چۈشتىن كېيىنلىكى ئۇنىڭ مەنپەئەتنى قورالىلىك قوغدىغۇچىغا ئايلاندى .

ھەقىقەتەنمۇ سۇراقە ئۆزگەردى . ئۇنىڭ يۈرۈش پىلانى،خەرىتىسى ئۆزگەردى . ئىدىيىسى ۋە يۆنىلىشى ئۆزگەردى . ئۇنىڭ بۇنچىۋالا تېز ئۆزگىرىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان نەرسە ئۇنىڭ مۇشۇ كىشى يەنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئۆز دەۋىتىگە سادىق كىشى ئىكەنلىكى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۈچلۈك ياردەم بېرىلىدىغانلىقىغا تولۇق قانائەتلەنگەنلىكىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۆڭلىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتۇپ بېرىش بەدىلىگە كۆپلەپ مۇكاپاتقا ئېرىشمەكچى بولغان كىشىنى كۆڭلىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا قوغداشقا ، ئۇ كىشىنى ئىزدەپ ماڭغان ئادەملەرنى يولىدىن قايتۇرۇشقا رازى بولدى .

بۇ ئورۇندا دىققەتنى تارتىدىغان ناھايىتى موھىم بىر مەسىلە بار . ئۇ بولسىمۇ ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم سۇراقە ۋە ئۇنىڭ ئېتىغا يەتكەن ئاجىزلىق پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇنى ئۆلتۈرمىدى، قوپاللىق قىلمىدى. قىلغان ئەسكىلىكلىرى ئۈچۈن قاتتىق تەگمىدى . ئۇنىڭ سەمىمى ئۆزگىرىشىنى يالغانغا چىقارمىدى . ئۇنىڭدىن ياكى ئۇنىڭ ئارقىلىق پايدىلىنىشنى رەت قىلمىدى . بەلكى ئىشلار تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى . ئۇنىڭدىن شۇ دەرىجىدە خاتىرجەم بولدىكى ، ئۆزلىرىنى مەخپىي تۇتۇشنى ، ھېچ كىمگە ئاشكارىلاپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى . ئۇنىڭ ئۇ ئىككىسىنى ئىزدەش قەدىمى كاپىرلارنىڭ كۆزلىرىنى بەند قىلىش ، نىشانىنى بۇرىۋېتىش ۋە ئازدۇرۇش بابىدىن ئورۇن ئالدى.

مۇلاھىزە : پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرى بايرام كۈننىڭ ئۆزىدە مۇسۇلمان بولغان ، دەۋەت ئۇلاردىن ياكى ئۇلار ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشكەن بولسا ، سوراقە ئاشۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا مۇسۇلمان بولمىدى ، بەلكى مۇشرىكلىك ھالىتىنى داۋام ئەتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق دەۋەت ئۇنىڭدىن ياكى ئۇنىڭ سەۋەبىدىن پايدىغا ئېرىشتى.

ھىجرەت دەرسلىرىدىن بىرسى بولغان بۇ كاتتا دەرسلىك تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئۇبدان بىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن ، بىرئاز تونختىلىپ ئۆتۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ .

بىرىنچى : ئىسلامىي ھەرىكەتلەر مۇشۇ دەرستىن پايدىلىنىش مۇمكىنچىلىكى بىلەن ، تۆۋەندىكى شەرتلەرگە ئاساسەن دۈشمەن سەپلىرىدىن تولۇق ئىشەنگىلى بولىدىغان ، مۇئامىلە قىلىشقا يارايدىغان ، ساتقىنلىق قىلىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يىراق بولغان بەزى ئادەملەرنى ياردەمگە قوبۇل قىلىش كېرەك .

(1) كاپىرلار سېپى ئىچىدىكى دۈشمەنلەردىن راستچىل كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بېكىتكۈدەك ، دۈشمەن سەپلىرى ئىچىدە پايدىلانغىلى بولۇش ئۈمىد قىلىنغان كىشىلەرنى بېكىتكۈدەك ئىقتىدارنىڭ بولۇشى .

(2) قانداق مۇئامىلىلەرنى قىلىش ، ياكى ئۇنى ياكى بۇنى چۈشىنىش ، مۇشۇ موھىم ۋەزىپىلەرگە كىملەرنى تەيىنلەش ، كىملەرگە تاپشۇرۇش ۋە باشقا ئىشلارنى بېكىتىشنى رەھبەرگە تاپشۇرۇش .

ھەقىقەتەن يۇزەكىي مەنتىقە سوراقە ئىبنى مالىكنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ . چۈنكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇنىڭغا قارىتا ئېنىق ئاساسى بار ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوراقە تېخىچە مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى . لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسسەللەمنىڭ ئۇنىڭ خاراكتىرى ھەققىدىكى پەرىزى : سوراقەنىڭ ئۇ ئىككىسىگە بولغان دوستلۇقتا راستچىللىقى ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن مۆجىزىلەر ئالدىدا بۇ ھەرىكەتكە دۈشمەنلىك قىلىش خىيالىدىن يېراق ئىكەنلىكى ئىدى

ئىككىنچى : خالايىقلار ئىچىدىن بىرەر ئادەم ياكى بىرەر گورۇھنىڭ يېقىن ياكى يىراق ئۆتمۈشتىكى ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ .

ئىشنىڭ نىگىزى :مۇشۇ ئادەم ياكى گورۇھنىڭ ئۆتمۈشىدە بولغان ئىسلامغا قارشى جەڭلىرى ياكى ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بولغان ئىشەنچتۇر. چۈنكى ئاشۇ كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش ياكى ئۇلارنى ئاشۇ كىشىلەر بىلەن بىر قاتاردا چۈشىنىش

جەريانىدىن چىقىدىغان بۇ ھۆكۈمنى رەھبەرلىككە تاپشۇرۇش – مۇشۇ تىمىدىكى تولۇق ئىجتىھاد ھېسابلىنىدۇ .

بۇ ھۆكۈم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئۈچۈن ۋەھى تەلەپ قىلغان ھۆكۈم بولغان بولسا ، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن خاتالاشمايدۇ . چۈنكى اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئۆز خاھىشى بويىچە گەپ قىلمايدۇ . بۇ ئىشتا ئىسلامي ھەرىكەت رەھبەرلىرى ئالدىدا ئىجتىھاد قىلىشتىن باشقا يول يوق . شۇنىڭ ئۈچۈن رەھبەرلىك مۇشۇ ئىشتا توغرىسىنىمۇ تاپىدۇ ، بەلكى خاتالىشىپمۇ قالىدۇ .

توغرىسىنى تاپسا نىمە دىگەن بەلەن ! نىمە دىگەن ياخشى !

مەسىلەن : خاتالاشسا ، ئۇنى نەزەر -كۆزىدىن چىقىرىۋېتىش ، كۆزگە ئىلماسلىق يوق . ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىش يوق . ئۇنىڭ بۇ خاتالىقى ئۈچۈن دۇنيادا پۈت تىرەپ تۇرغان قانۇن – قائىدىلەرنى

كۆتۈرۈپ قوپۇشمۇ يوق . چۈنكى ئۇ قولىدىن كېلىشىچە دەۋەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تىرىشتى، كۈچ سەرپ قىلدى . ئۇنىڭغا شۇ كۇپايە قىلىدۇ .

ئېنىق بولۇشقا تىگىشلىكى : ھەقىقەتەن ئىسلامىي ھەرىكەت ئۆز يۈرۈشىدە ئىسلامىي دۆلەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېقىن دۈشمەنلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە ، ھەمكارلىق ئورنىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ ، بەلكى ئۇلاردىن ئاز – تولا ياردەم تەلەپ قىلىدۇ . بۇ – دۈشمەندىن تولۇق خاتىرجەم بولغان ، دىندىن بىرەر نەرسىنى يوقىتىۋەتمىگەن ، قانۇنسىز بىرەر ۋاستىگە يول قويمىغان ئەھۋال ئاستىدا بولىدۇ. ئۇ خاتىرجەملىكنىڭ ئۆلچىمى : مۇشۇ دۈشمەننىڭ ئىسلامىي ھەرىكەت كۈچىنىڭ قەيەرلەرگىچە يەتكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىسىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن رەھبەرلىك مۇشۇ ئىشەنچنى كۈچەيتىشكە تىرىشچانلىقلىرىنى سەرپ قىلىشى كېرەك . شۇنىڭدىن كېيىن توغرىسىنى تاپسۇن ياكى خاتالاشسۇن ، ئۇلارغا ھېچ نەرسە بولمايدۇ.

ئۈچىنچى: دۈشمەنلەرنىڭ پائالىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامىي ھەرىكەتلەرگە تۇتقان مەيدانىنى ، ئۇلارنىڭ ئىسلام بىلەن بولغان مەيدانىغا قارىتا ھەرىكەتلەر ئالدىدا ئەركىن مۇئامىلە قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ . ناھايەت ، ئىش ئىسلام ۋە ئىسلام دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولسا .

مانا بۇنىڭدەك پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمدە سۇراقەگە نىسبەتەن ئېنىق ئۇقۇم ، ئۇنىڭ مەيدانىغا قارىتا توغرا مۆلچەر ، ئۆزگىرىشكە نىسبەتەن زور ئىشەنچ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگەن . سوراقە مۇشۇ ئامانلىققا بىنائەن ئۇنىڭغا

ياردەم بىرىش ، دوستلۇق يەتكۈزۈشنى ئوچۇق بايان قىلغان . ھەمدە ئېيتقانلىرىنى ئىجرا قىلغان ۋە چىڭ تۇتقان . شۇنىڭ ئۈچۈن رەھبەرلىكنىڭ كىشىلەرگە بولغان توغرا مۆلچەرى ۋە بىكىتمىسىگە ئاساسەن ھىچ بىر بايانسىز ۋە بېسىمسىز كىملەرگە ئىشىنىش ، كىملەرنى ئىشلىتىش ئۆزى خالىغان كىشىلەردىن پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت بار.

بىز مۇستەھكەم ئىسلام بازىلىرىغا مۇشۇ دەرسلىكتىن پايدىلىنىش ئاساسىدىكى ھەرىكەت ئارقىلىق ياردەم بىرىشنى نەقەدەر ئارزۇ

قىلىمىز – ھە!ھەرگىزمۇ ئۇلارغا تەنقىد ۋە جاراھەت ئوقلىرىنىڭ

يېغىشىنى ، ئەقەللىيسى ئۇلارنىڭ ئاك – سەۋىيىسى ۋە

رەھبەرلىكىنىڭ ئېسىللىقىغا تۆھمەت قىلىشنى خالىمايمىز . چۈنكى رەھبەرلىككە قىلىنغان تۆھمەت كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئۇنىڭ دىنىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

# 20.دەرس زولۇم ۋە زالىملارغا قارشى شىجائەتنىڭ بولۇشى

دەۋەت يولى قىزىل گۈللەر بىلەن پۈركەلگەن ئەمەس ، ئۇنىڭ ھەممىسى شوخا-تىكەنلەر بولۇشىمۇ ناتايىن. دۇنيانىڭ يا ئاخىرەتنىڭ ياكى ھەرئىككىسىنىڭ قىزىل گۈللىرىگە ،رەيھان سەبدەلىرىگە ئېرىشىش ئۈمىدىدە بۇ يولغا قەدەم قويغان كىشىلەر تىكەنلەرگە دەسسىۋالدۇ ياكى شوخىلار ئارىسىغا چۈشۈپ قالدۇ چۈنكى «تىكەندىن قورىققان گۈل ئۈزۈلمەيدۇ».

نىشان مەقسەت غايە مىقدارىغا ئاساسەن ، ۋاستىلەر ئادديىلىشىدۇ، جاپا — مۇشەققەتلەرىيەڭگىللىشىدۇ . بەلكى دەرت-ئەلەملەر ، ئازاپ-ئوقۇبەتلەر كۆزگەكۆرۈنمەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن « جەننەت — كۆڭۈل تارتمايدىغان ، يامان كۆرۈلىدىغان نەرسىلەر بىلەن ، دوزاخ- كۆڭۈل تارتىدىغان شەھۋەتلەر بىلەن پۈركەلگەن.»(ئىمام مۇسلىم ، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسائىي رىۋايىتى )

اللەنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش — غايىلەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىكى . مەقسەت، ئالىي ھىممەتلەرنىڭ ئەڭ يوقىرى پەللىسى . ئۇنىڭ يولىدا قىممەت باھالىق ۋە نەفىس نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئادديي ۋە ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىدۇ. بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار، ئەرلىرىدىن ئاياللىرىغىچە ئاشۇنى چۈشەنگەن . جاپا —

مۇشەققەتلەرنى كۆتۈرۈپ كەتكەن . دەرت- ئەلەملەر ۋە ئازاب –

ئوقۇبەتلەرنى مەنسىتمىگەن . بەلكى بۇلارغا دەرىجىدىن تاشقىرى باتۇرلۇق ، شىجائەت بىلەن يۈزلەنگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ھىجرەت ۋەقەلىكلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە بۇنىڭدەك ھادىسىلەرنىڭ تەپسىلاتى بەك تولا كۆزگە چېلىقىدۇ.

لېكىن بىز بۇ ۋەقەلەر ئىچىدىن مىسال سۈپىتىدە پەقەت بىرىنى بايان قىلىمىز.

ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتىدۇ : «رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىلەن ئاتام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقىپ كەتكەندە، ئاتام ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام باشچىلىقىدا قۇرەيشلەردىن بىر توپ ئادەم غوۋغا كۆتۈرۈپ باستۇرۇپ كەلدى. ئۇلار ئىشىك ئالدىدا توختاشقان ئىدى ، مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتىم . ئۇلار : - ئەي ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ، ئاتاڭ قەيەردە ؟ -دەپ سوراشتى . مەن : - اللە بىلەن قەسەمكى ،

ئاتامنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيمەن ، -دىدىم . ئەبۇ جەھىل – ئۇ

ناھايىتى قوپال ، ئەسكى ، نىجىس ئادەم ئىدى - قولىنى كۆتۈرۈپ ، مەڭزىمگە قاتتىق بىر كاچات ئۇردى . كاچات زەربىسىدىن قۇلىقىمدىكى ھالقا چىقىپ كەتتى. »

ئۆز زامانىسىنىڭ پىرئەۋنى – ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام بىلەن

قەلبى دولقۇنلىغان قىساسقا، كەلكۈن كەبى غەزەپكە تولغان ئەينى زامان تاغۇتلىرى- گويا دوزاخ پەرىشتىلىرى- زابانىيلاردىن

تەشكىللەنگەن بىر توپ مۇشتۇمزور يالغۇز ، كىچىك بىر ئايالنىڭ قېشىغا بېرىپ ياۋۇزلارچە تەھدىت سالىدۇ ۋە قورقۇتىدۇ . ئۇنىڭدىن ئوچۇق سورىماستىن بەلكى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قەيەردىلىكىنى سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ، ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ تۇرغان ئورنىنى بىلىشكە ئۇرۇنىدۇ . لېكىن بۇ ئايال ئۇلاردىن ئەقىللىق ، ئۇلاردىن چىچەن ، ئۇلاردىن ھوشيار . ئۇ مەسئۇلىيەت ساپاسىدا ئەڭ يوقىرى پەللىگە يەتكەن . ئۇ ھادىسىلەرنى بىلىدۇ ۋە ھادىسىلەر ئارقىسىدىن كىلىدىغان كەلگۈلۈكلەرنى بىلىدۇ . ئۆزى بىلىدىغانلاردىن قايسى بىر مەلۇماتنى ئاددىي ساناش، سەل قاراشتىن كىلىپ چىقىدىغان خەتەرنى ، يامان ئاقىۋەتنى بىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇنىڭ

يۈرىكى سېلىپ كەتمىدى،قورقۇپ — ھودۇقۇپ كەتمىدى ،

كېكەچلەپ قالمىدى . بەلكى ئۇ ئىنتايىن ئېنچىكىلىك بىلەن قىسقا جاۋاب بەردى . ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى ، تاغۇتلار ( ئۇلارغا اللەنىڭ لەنىتى بولسۇن ) غەزىپىنى باسالماي ، شۇم قولىنى كۆتۈرۈپ ، گۇناھكار قولىدا ئۇنىڭ يۈزىگە قاتتىق كاچات ئۇردى. تەگكەن كاچات زەربىسىدىن بۇ شىجائەتلىك مۇجاھىد خانىم

ئەسمانىڭ قۇلىقىدىكى ھالقىسى ئۈچۈپ كەتتى. مانا بۇ — تاغۇتلار

ھەق ئالدىدا ئاجىز كەلگەندە، ئۇلار ھەقىقەت ئەھلىنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەرزىمەس چۈپرەندىلەر ئىكەنلىكىنى بىلگەندە ، ئۆزلىرىنىڭ تولىمۇ بىچارە نىمىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندا

قوللىنىدىغان ئۇسۇللىرى، تىل — ئاھانەتلىرى ، ئازار — كۈلپەتلىرى

، جازالاش ۋە قىيناشلىرىدۇر .

مانا بۇ پىرئەۋننىڭ قىلمىشى . ئۆزلىرىدىن كېيىن كىلىدىغان پىرئەۋنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دەللى . پۈتۈن دۇنيا ۋە بارچە مىللەتتىكى مەيلى بۇرۇن ئۆتكەنلىرى بولسۇن ، مەيلى كېيىن ئۆتكەن ( ئۆتىدىغانلىرى ) بولسۇن پىرئەۋنلەرنىڭ ، تاغۇتلارنىڭ ، زالىملارنىڭ خۇي – پەيلى ئوخشاش . ئۇلارنىڭ دەۋەت ۋە دەۋەت ئىگىلىرىگەقوللىنىدىغان ئۇسۇل – قائىدىلىرى ۋە جازايۇرگۇزۇشلىرى ، ئۇسۇللىرى ئوخشاش. لېكىن ئۇلارنىڭ نام – ئاتاقلىرى ئوخشاش ئەمەس، خالاس . ئەنە شۇ پىرئەۋننىڭ قىلمىشى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى . ئۇلار اللهغا ئىبادەت قىلغۇچى ، ئىتائەت قىلغۇچى ، ئۇنىڭدىن قورققۇچى ، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلغۇچى مۇسۇلمان ئاياللارنى ، خانىم – قىزلاردا گۇندىخانىلاردا قىيناپ كەلدى ۋە قىيناشماقتا. ئۇلارنى كىچىك باللىرى بىلەن قوشۇپ ئەسىر كەبى گۆرۈ ئالماقتا ، قارا كامىرلارغا قاماقتا . بەلكى ئاشۇ پىرئەۋنىن ۋە ئۇنىڭ تاغۇتلاردىن بولغان ياردەمچىلىرىنىڭ تۈنجى ئەۋلات مۇسۇلمانلارغا قارىتا قىلمىشلىرى : ھەرقايسى دەۋرلەردە ،ھەرقايسى شەھەرلەردە ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئىسلامنىڭ شان – شەرىپىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ، ئىسلام ئەھلىنى بەخت يولىغا باشلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ۋە تىرىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئازابلايدىغان ، قىيىن –

قىستاققا ئالدىغان زالىملارنىڭ يولىدۇر. لېكىن اللەتەئالانىڭ ھەق

ئىگىلىرى ۋە ئىسلامنىڭ ھىمايىچىلىرىگە ئاتا قىلغان پەزلى –

مەرھەمىتىنىڭ بىرى شۇكى ، ئۇلارنىڭ زالىم تاغۇتلارنىڭ ئالدىدا ،
باتىلغا قارشى سەپلەردە باش ئەگمەي ئۇ زالىملارنىڭ يۈرەكلىرىنى

قان – زەردابقا ، كۆزلىرىنى قانلىق ياشقا تولدۇرۇشى ، روھىي

دۇنياسىنى ھەسرەتكە ، كۆزلىرىنى ئۇيقۇسىزلىققا ، ئۆزلىرىنى ( شۇ
سەۋەبلىك )ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كىتىشكە ئېلىپ بېرىشى

ۋەئۆزلىرىگە كەلگەن كەلگۈلۈك ، ئازاب – ئوقۇبەتلەرنى بىمالال

كۆتۈرۈپ مېڭىشلىرى ، ئېغىر قىيىن – قىستاقلار ۋە ئۆلۈم

ۋەھىمىلىرىدىن قىلچە تەمتىرىمەسلىكى ، ئۆزى ئىشەنگەن
پىرىنسىپلاردىن قول ئۈزمەسلىكى بەلكى ئاشۇ پىرىنسىپلارنى
ئەمىلىيلەشتۈرۈش يولىدا ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدۇر .
ئەرلەر ياكى ئايالار بولسۇن ، بارلىق ئىسلامىي ئوغلانلار شۇنى
ياخشى چۈشىنىشى كېرەككى ، ھەرخىل بالا- مۇسىبەتلەر، سىناقلار
ھەقىقەتەن اللەنىڭ دەۋەت ئىگىلىرىنى سىناشتىكى ئىمتىھان
قانۇنىيىتىدۇر . الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : «ئەلىق، لام ، مىم ،

ئىنسانلار ‹ ئىمان ئېيتتۇق › دەپ قويۇش بىلەنلا ، سىنالماي تەرك

ئېتىلىمىز ، دەپ ئويلامدۇ ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز
ھەقىقەتەن سىنىدۇق . الله ( ئىمانىدا ) راستچىللارنى چوقۇم
بىلىدۇ ، الله ( ئىمانىدا )يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ .( 29.سۈرە

3-1 ـ ئايەتلەر )

ھەقىقەتەن بۇ بالا – مۇسىبەتلەر ، ئىمتىھان –سىناقلار بەزى

كىشىلەردە ۋە بەزى موھىت ياكى بەزى دەۋرلەردە ئەڭ يوقىرى چەككە يىتىدۇ : « سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر يولۇققان كۆلپەتلەرگە يولۇقماي تۇرۇپ ، جەننەتلەرگە كىرىشنى ئويلامسىلەر ؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن(مۆمىن)لەر ئېغىرچىلىقلارغا ، كۆلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى . ھەتتا پەيغەمبەرلەر ۋە مۆمىنلەر : ـ اللەنىڭ (بىزگە ۋەدەقىلغان )ياردىمى قاچان كىلىدۇ ؟ ـ دىگەن ئىدى. بىلىڭلاركى ،اللەنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر. »

(2.سۈرە 214.ئايەت )

ھەقنىڭ ھەقلىكىگە ئىشىنىدىغان ، ئۇنى مۇداپىئە قىلىدىغان ھەق ياردەمچىلىرى داۋاملىق مەۋجۇت بولىدىكەن ، ھەقىقەت ئەھلى بىلەن باتىل ئەھلى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئوتى ھەرگىزمۇ ئۆچۈپ قالمايدۇ. مۆمىن ھەقىقەتەن باتىل ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە قارشى يۈزلىنىشتە ، غەلىبە ياكى شېھىتلىقتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە چوقۇم ئېرىشىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ. مۆمىن ھەقىقەتەن ھەربىر ئەجەلنىڭ چوقۇم قازاسى بار . يۈز بەرگەن ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ۋە يۈز بەرگۈسى ئىشلارنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ تەقدىرى ئىلمى ئەزەلىدە ئۇ ھەقتە پۈتۈۋېتىلگەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ زالىم تاغۇتلارغا قارشى تۇرۇپ

، دەۋەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ « [illegible] »دىگەن ھەق

سۆزنى پۈتۈن جاھان ئەھلىگە (بىرمۇ ئۆي قالمىغۇچە )

ئومۇملاشتۇرۇش ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بۇ ئىلاھىي رەھمەت ۋە نىئمەتنىڭ سايىسىغا كىرگۈزۈش يولىدىكى ئىمانىي تۈيغۇ بىلەن يۈرۈش قىلىدۇ .

مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئىسلامىي ھەرىكەت پەرزەنتلىرى مۇشۇنىڭغا ئاساسەن زۇلۇم دولقۇنلىرىغا قارشى يولدا مەغلۇبىيەتچى زالىملار بىلەن بولغان بارلىق كۈرەشلەردە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ، ھەققە ئەمەل قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش ، ھەققە گۈزەل

ئۇسلۇب بىلەن دەۋەت قىلىش، سەبىر – تاقەت بىلەن كۈرەشكە

تەييارلىنىش – قوراللىنىش ۋە زۇلۇمنىڭ ھەرخىل كۈرنۈشلىرىگە

دۇچ كېلىشى – اللهنىڭ تەقدىر ھۆكۈمى ئىكەنلىكىنى بىلىش

قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھەق ئىگىلىرى بولغانلىقىدىن ئۆزىنى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە قاۋۇل ھېس قىلىشى لازىم .

ھەممىگە مەلۇمكى ، زالىملار گەرچە چاندۇرماسلىققا تىرىشسىمۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن قورقۇنچاق ، باتىل دەستەكلىرى ناھايىتى زەئىپتۇر. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ باتىل سەپسەتىلىرى ھەق ۋە ھەق ئىگىلىرى ئالدىدا ناھايىتى تىز تارمار بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەرزىمەس ، خۇنۈك ، بىچارە ، چۈپرەندىلەر ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ . مانا بۇ رىئاللىق ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشامنىڭ ئالدىدا مۇسلىمە مۇجاھىد خانىم ئەسمانىڭ ئۆز شىجائىتى ، ئىمانىي مۇستەھكەملىكى ۋە جاھان ئەھلىگە ئۈلگە بولغۇدەك مەيدانى بىلەن ئۆزىنى نامايەن قىلغانلىقى پولاتتەك پاكىت .

بۇ رىئاللىق ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش . ئۆز زامانىسىنىڭ پىرئەۋنى

، ئۇنىڭ غالچىلىرى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى بارلىق تاغۇتلار بىلەن

دەۋەت ئەھلىنىڭ دىيارلىرى دۇچ كەلگەن قېيىنچىلىق ، ئازاب –

ئوقۇبەتلەرگە سەبىرچانلىق بىلەن بەرداشلىق بىرىشلىرى ، ئۆزلىرى ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان كۆرسەتمە يوللاردا مۇستەھكەم تۇرۇشى بىلەن بىرگە شۇ نەق مەيداندا ئۆزىنى نامايەن قىلىدۇ.

# 21.دەرس  پىدائىي ھەرىكەتلىرىنى يولغا قويۇش

بىز يوقۇرىدىكى دەرستە سۆزلەپ ئۆتكەن شىجائەت ھەرگىزمۇ نەزەرىيە ئەمەس ، بەلكى ئۇ رىئال ئەمىلىيەت بولۇپ ، دەۋەتچىلەر بۇ ئۇسۇلنى ئۆزلەشتۈرۈش  بىلەن شان- شەرەپكە ئېرىشىدۇ . شۇ شىجائەتنىڭ كۆرنۈشلىرى كۆپ . تۆۋەندە مۇشۇ كۆرنۈشلەر ئىچىدە دەۋەت تەقەززا قىلغان ، شەرىئەت بېكىتكۈچى يولغا قويغان ، ئۇنىڭغا ئەجىر – مۇكاپات بەلگىلەنگەن پىدائىي ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئالىي ۋە شەرەپلىك كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرىنى بايان قىلىمىز.

ئەگەر دىننى ياكى يۈز – ئابروينى قوغداش ، ياكى نەسىل ياكى مالنى قوغداش ۋە ياكى بۇلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن باشقا يول ياكى چارە – ئامال بولمىغاندا ئۆز جېنىنى پىدا قىلىش شەرىئەت يولغا قويغان  قانۇنلۇق ئىشتۇر .     مانا بۇ ئەمىلىيەتنى ئۇستازىمىز ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان كېچىدە باشتىن ئۆتكۈزگەن . ئۇ ئۆزىنىڭ كاپىرلار تەرىپىدىن «مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنى ئۆلتۈردۇق . »دىگەن ئوي بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشنى ئېنىق بىلەتتى . ھېچكىم ئەلىنىڭ دەۋەت بېسىپ ئۆتكەن شارائىتنى چۈشىنىدىغانلىقى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ، پىلانلىغان سۈيقەستنىمۇ ئۇبدان

بىلىدىغانلىقىدىن گۇمانلانمىسا كېرەك .

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇئۆزىگە مۇشرىك پالۋانلارنىڭ گويا بىر ئادەم كەبى ھوجۇم قىلىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ۋاقىتتىن سىرت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياتقان جايدا بېشىنى ئوراپ ياتقانلىقى ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭ قىلمىشىدىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرىلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىدىن شۈبھىلەنمىسە كېرەك . ئەھۋال قانداق بولمىسۇن ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە ، خەتەرلىك ئورۇندا ياۋۇزلار ئەسەبىيلەشكەن ، اللەنىڭ دۈشمەنلىرى غالجىرلاشقان شارائىتتا ئۆزىنى خەتەرگە ئۇرۇپ ، ئاشۇ ئەشەددىي كاپىرلار ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىشىنىڭ كۆرپىسىدە ئۇخلىدى. ئۇ رەسۇلىللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ، ئۆز جېنىنى پىدا قىلىپ ئۇخلىدى !مۇشۇ دەۋەتنى ئۆز روھى ئارقىلىق ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇخلىدى !ئىسلام ياشلىرىغا باتۇرلۇق ، قەھرىمانلىق ۋە پىدائىيلىق جەھەتتە ئۈلگە ۋە نەمۇنە تەقدىم ئېتىش ئۈچۈن ئۇخلىدى!!!

خوش ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بەلكى مۇشۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇخلىدى !!! شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ كىمنىڭ جاننى قوغداش ياكى مۇداپىئە قىلىش، دىننى قوغداش ياكى مۇداپىئە قىلىش،

ئابروينى قوغداش ياكى مۇداپىئە قىلىش ، ئەھلى – ئاياللىرىنى

قوغداش ياكى مۇداپىئە قىلىش مال – مۈلكىنى قوغداش ياكى

مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن پىدائىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنىڭ

شەرىئەت بويىچە قانۇنلۇق ، توغرا ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا رۇخسەت يوق.

ئاشۇ پىدائىيلار ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش ئېلىپ بارغاندەك – يوقارقى دەلىلگە ئاساسەن ، بۇ ھالەتلەر ئۇستىدە ئۆلتۈرۈلسە شېھىت بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم : « زالىمنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان بۇ زالىم بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسا ، شېھىت ئۆلۈمدە ئۆلىدۇ . » دىگەن.

(مۇسنەدى ئەھمەد 2.قىسىم 205 .بەت )

ئاشۇ پىدائىيلارنى « ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغۇچىلار » دەپ ئاتاشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ . ئۇلارنى بۇنداق ئاتىغانلىق – سۆزنى ئۆز ئورنىدىن يەڭگۈشلىۋەتكەنلىك ، ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلاپ ، (يالغان ) سۆز ئويدۇرۇپ چىققانلىق بولىدۇ .

ھايات قېلىش ياكى ھايات قالدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان پىدائىي ھەرىكەتلەر ، يەنى مەلۇم جاننى تىرىك قالدۇرۇش ، دىننى قوغداش ياكى ئابروينى قوغدىغاندەك ، بۇلار ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ، ئۆزىنى ياكى ئۇنى ساقلاپ قېلىش ، ھايات قالدۇرۇش ئۈچۈن روھىي بەدەل تۆلەش ۋەاللەنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پىدائىي ھەرىكەتلەر بىلەن شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، الله رۇخسەت قىلمىغان ھاياتلىقتىن قۇتۇلۇش ۋە الله ياراتقان جاننى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ، جاندىن تويۇپ ئۆزىنى

ئۆلتۈرۈۋېلىش ئوتتۇرىسىدا ئاسمان – زېمىنچە چوڭ پەرق بار.

مۇشۇ مەندىن ئېيتقاندا ، بىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن ، ئۆز ھەق – ھوقۇقىنىڭ تارتىۋېلىنىشىغا ، يۈز – ئابرويىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا ياكى ئۆز زېمىنىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىنىشى ياكى بېسىۋېلىنىشىغا ياكى دىن ۋە ئۇنىڭ ئىززەت – ھۆرمىتىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا ، مال – مۈلۈكلىرىنىڭ تالان – تاراج قىلىنىشىغا ، ئېپپەت ، ئار – نومۇسىنىڭ ئاياغ – ئاستى قىلىنىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشى مۇۋاپىق بولمايدۇ . بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوغداش زۆرۈر.

اللەتەئالا مۆمىن بەندىلىرىگە مەقسەت – نىشانىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ، ئىجادلىققا ئېلىپ بارىدىغان بۇ ئەمەلنى پەرز قىلدى . گەرچە ئۇنىڭدا جانلار ھالاك بولۇپ كېتىدىغان ، روھلار زايا بولۇپ كېتىدىغان ، پىدائىي خاراكتېرلىك ئۆزىنى قوشۇپ يوقىتىدىغان ھەرىكەتلەر ئارقىلىق بولسىمۇ ...

بۇ ھەقتە ئالەملەرنىڭ ئىگىسى بولغان جانابىي الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ: « شۈبھىسىزكى ، الله مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىش بەدىلىگە سېتىۋالدى . ئۇلار اللەنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ( دۈشمەنلەرنى ) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ . ( يەنى دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ شېھىت

بولىدۇ . ) ، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش ) تەۋراتتا ، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (اللەنىڭ ) راست ۋەدىسىدۇر . ۋەدىسىگە اللەدىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى اللەدىنمۇ ۋاپادار ئەھەدىي يوق ) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خوشال بولۇڭلار ، بۇ زور مۇۋەپپىقىيەتتۇر . » (9.سۈرە 111.ئايەت )« ئى مۆمىنلەر ، سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ ؟ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ( چىن ) ئىمان ئېيتقايسىلەر ، اللەنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن ، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر . ئەگەر بىلسەڭلار ، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر .»

(61.سۈرە 10ـ11.ئايەتلەر )

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم اللەنىڭ يوقاردىكى

ئايەتلىرىدىكى ئەمىر – پەرمانلىرىغا بوي سۇنۇش يۈزىسىدىن ئۆزى

ھازىر بولغان غازاتلار ۋە قاتناشقان جىھادلاردا باشقىلاردا كەم تېپىلىدىغان پىدائىيلىق ، باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىقنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىرىنى تەقدىم ئەتتى.

ئۇ كاپىرلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقىنى كۆزلىمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

شۇنداقلا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالەملەرنىڭ ئىگىسى ، تامام شەيئىنىڭ پەرۋىشكارى بولغان اللەتەئالانىڭ ئەمەر پەرمانىغا بوي سۇنغان ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئۆزىگە قويغان

شەرەپلىك تەكلىپ‑ تەلەپنى جان – دىل بىلەن قۇبۇل قىلغان

ھالدا ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئۆز ئۆيىدىن

ھىجرەت قىلىپ چىققان كېچىسى ئۈنىڭ ئورنىدا يېتىپ ، بۇ پىدائىيلارچە ئەمەلنى روياپقا چىقاردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجىتىدىن شەكىللەنگەن دەرسلىكلەرنىڭ بىرى بولغان بۇدەرسلىكنى دىننى ۋە ئىسلام ۋەتىنىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان بارلىق كىشىلەر ئېسىدە ئۇبدان ساقلىشى ۋە دەرس قىلىپ شەكىللەندۈرۈشى لازىم .

# 22.دەرس  مۇسۇلمان ئايالنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى

ئايال – جەمىيەتنىڭ يېرىمىدۇر . « الله بىر جۈپنى ، ئەركەك بىلەن چىشىنى ياراتتى. » (53.سۈرە 45.ئايەت )
ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ ( يەنى ، شەرئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي ، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش ) دەپ ئويلامدۇ ؟ ئۇ بەچچىدانلارغا تۆكۈلىدىغان ( ئاجىز مەنىي ) ئەمەسمىدى ؟ ئاندىن ئۇ لەختە قان بولدى ، ئاندىن الله ئۇنى چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى . ئۇ مەنىيدىن ئەر – ئايال ( ئىككى تىپنى ) ياراتتى.
( 75.سۈرە 36.ئايەتتىن 39.ئايەتكىچە )

ئايال – اللهتەئالانىڭ خالىغان كىشىلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ھەدىيەسىدۇر . « ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللهغا خاستۇر ، الله نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ . خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل  پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ .
( 42.سۈرە 49.ئايەت )

ئايال كىشى ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش ، ئىززەت – ئىكرام قىلىش بىلەن جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىر ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىغا

سەۋەب بولىدۇ . « ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈچ نەپەر قىزى ياكى ئۈچ نەپەر قىز بىرتۇغقىنى ، ئىككى نەپەر قىزى ياكى ئىككى نەپەر قىز بىرتۇغقىنى بولسا ، ئۇلارنى ياخشى تەربىيلىگەن ۋە ئۇلار توغرىسىدا اللەدىن قورققان بولسا ، ئۇكىشى جەننەتكە كىرىدۇ . »
( تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇت )

بەلكى ھەققەتەن جەننەتنىڭ ئۆزى – ئۇنىڭ ئىككى تاپىنى ئاستىدا . پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دەيدۇ: « جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدىدۇر. » (نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە )

ئۇ ئايال بولسا – يارامىلىق ئەۋلادلارنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ،

باتۇر ، قەھرىمان – پالۋانلارنى تەربىيلىگۈچىدۇر .

ئۇنىڭ بىر قولىدا بۆشۈك تەۋرىسە ، بىر قولىدا دۇنيا تەۋرەيدۇ.

ئانا – مەكتەپ . ئۇنى ياخشى تەربىيلىسەڭ ، ئۇ يىلتىزى پاكىزە

ئەۋلادلارنى تەربىيلەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇنىڭ پاكىزلىقى – جەمىيەتنىڭ پاكىزلىقى ۋە پاكلىقىدۇر .

ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش – جەمىيەتنى بەخت –سائادەتلىك قىلغانلىقتۇر .

ئاياللارغا خەيرى – ئېھسان قىلىش – نىمە دىگەن بەلەن –

ھە !

ئۇنىڭ تەلىم – تەربىيىسى – جەمىيەتنى توغرا ئاڭغا ئېرىشتۈرگەنلىك ،تەرەققى قىلدۇرغانلىق ۋە يۈكسەلدۈرگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ تەربىيىسىنىڭ ياخشى ئېلىپ بېرىلىشىغا جەمىيەتنىڭ نىجاتلىقى ۋە مۇۋەپپىقىيىتى باغلىنىشلىقتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئاياللارغا ھەممىدىن بەك ئېتىبار بېرىش لازىمكى ، ئۇنىڭغا بىپەرۋالىق قىلماسلىق ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاددىي كۆرمەسلىك ، تۆۋەن سانىماسلىق ، ئۇنىڭ رولىدىن غاپىل بولماسلىق ۋە ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ۋە سەئىي – سەۋەبلىرىنى بىكار قىلىۋەتمەسلىك كېرەك.

بۇلار ئايال كىشىگە نىسبەتەن ئومۇملۇق سۈپىتىدە ئېيتىلغان بولسا ، الله تەرەپكە دەۋەت قىلىش ، اللەنىڭ بۈيۈك دىنى بولغان ئىسلامنى ئومۇملاشتۇرۇش ، تارقىتىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى ئىرادە قىلغان كىشىلەر ساھەسىدە ئالاھىدە سۈپەتتە كۆڭۈل بۆلۈش تېخىمۇ موھىم . بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاجىپ ئىشتۇر . بۇ ھەقتە بىز ھىجرەت دەرسلىرىنىڭ تۆۋەندىكى قىسمىدا بۇ نوقتىلاردىن پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلىمىز .

1. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئەڭ يوقىرى پەللىدە بولغان ، سىر ساقلاش ئىقتىدارى پەۋقۇلئاددە يوقىرى بولغان ، ئاتىسى ئەبۇ بەكرىنىڭ پەيغەمبەرنىڭ ئەرلەردىن يوشۇرۇن تۇتقان ھىجرەت ئىشىنى مەسلىھەت قىلىشماقچى بولۇپ ئۆيدىن سىرتقا چىقىرىۋېتىشنى تەلەپ قىلغاندا ، ئۇنىڭ پىكرىگە قارشى تۇرۇپ مۇشۇنچىۋالا خەتەرلىك ئىشنى ئۇقسىمۇ سىر ساقلىيالايدىغانلىقىغا

قاتتىق ئىشەنگەنلىكتىن ئاقلانغان ۋە بەلكى كېڭەش داۋامىدا ئۇ ئىككىسىنىڭ گەپ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئىككى شەخس ئايالدۇر .

2. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن ، دادىسى ئەبۇ بەكرى ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھېچقانداق مال — مۈلۈك قالدۇرۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ ، بوۋىسى قۇھاپەنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ « ئوغلۇم بىزگە كۆپ مال قالدۇرۇپ ، ئاندىن ھىجرەتكە ئاتلىنىپتۇ . » دىگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، ئۆينىڭ تېمى تەرەپكە تاشلارنى دۆۋىلەپ ، ئۈستىنى يۆگەپ ھەقىقى ئەھۋالنى يوشۇرغان شەخس ئايالدۇر.

3. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن،ئۆز زامانىسىنىڭ « پىرئەۋنى » ھېسابلانغان ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام باشلاپ كەلگەن بىر ئوچۇم ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ زوراۋانلىقى ئالدىدا تەمتىرىمەستىن ، موھاجىرلارنىڭ قەيەردىلىكى سۈرۈشتۈرۈلگەن سوئالغا دادىللىق بىلەن كەسكىن تەلەپپۇزدا بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ زالىملارغا قارشى ھەق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇش ، زولۇم ۋە قۇتراپ كىتىشلەردىن ، غەزەپلىنىشلەردىن قورقماسلىقتا ئۈلگە كۆرسەتكەن ، شۇ سەۋەبتىن شەرەپلىك ھالدا يۈزىگە قاتتىق كاچات يەپ ، قۇلىقىدىكى ھالقىسى چۈشۈپ كەتكەن اللەغا تەسلىم بولغۇچى ، ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچى ، كېچە — كۈندۈزلەردە اللەغا ئىبادەت قىلغۇچى ، ھەق مەيدانىدا اللەنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ تەھدىت ۋە قىيىن — قىستاقلىرىدىن

قورقماستىن دادىل كۆكرەك كېرىپ تۇرغۇچى ،مۇسۇلمان ئاياللارنى ئازابلاشتا ئۆزىدىن كېيىن ئۆزىگە ئىزباسار بولىدىغان، ئەگىشىدىغان « پىرئەۋنلەرنىڭ » ، زالىم – تاغۇتلارنىڭ يامان ئۆلگىسى ئەپتى – بەشرىسىنى ئاچقان ، زالىملار كىيىۋالىدىغان يۇمشاق تونلار ئىچىدىكى ھېچ بىر مەخلۇققا ئىچ ئاغرىتمايدىغان تاش يۈرەك مەلئۇنلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ئۇلۇغ شەخس ئايالدۇر .

4. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن ، قۇربان بېرىش روھى ، مۇشەققەتلىك ، جاپالىق ئىشلارنى ئۈستىگە ئېلىش روھى ئەڭ ئالىي پەللىگە ۋەتكەن ئاتىسى ئەبۇبەكرى بىلەن سۆيۈملۈك يېتەكچىسى رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم سەۋىر غارىدىن يەسرىب تامان ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا يۈز بېرىش ئېھتىمالى ئەڭ زور بولغان خەۋپ – خەتەرلەر ، ئۆزىگە كېلىدىغان ئاۋارىچىلىقلار ، پاش بولۇپ قېلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئازاب – ئوقۇبەتلەر ، قىيىن – قىستاقلارنى بەش قولدەك بىلسىمۇ قىلچە پىسەنت قىلماستىن ، قورقۇپ قالماستىن مۇشەققەتلىك ئۇزۇن يولنى بېسىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ سەپەر لازىمەتلىكلىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگەن شەخس ئايالدۇر.

5. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئەڭ ئالىي پەللىگە يەتكەن،تەسەررۇپ قىلىشى ئاجايىپ گۈزەل ، ئىنكاسى تېز ، چېچەن . سەپەر لازىمەتلىكلىرىنى چىگىشكە ئارغامچىدەك نەرسە

تېپىلمىغان پەيتتە بەلبېغىنى ئوتتۇرىدىن يىرتىپ بىر پارچىسىدە لازىمەتلىكلەرنى چىگىپ ئاسقان ، يەنە بىر پارچىسىنى بەلبېغى قىلىپ « ئىككى بەلباغ ئىگىسى » دەپ ئاتالغان شەخس ئايالدۇر . يەنى مۆمىن ئاياللارنىڭ پېشۋاسى ، ئۈلگە — نەمۇنىسى بولغان پەزىلەتلىك مۇجاھىد خانىم ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر .

6. مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى ئەڭ ئالىي مەقامغا يەتكەن ، مەدىنىدىن مەككىگە بېرىپ رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىلەن «ئەقەبە بەيئىتى»دە ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك سەپەرنى بېسىپ كەلگەن ، نۇرغۇن ئەرلەر قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن پائالىيەتلەرنى قىلغان ئۇممۇ ئەممار ۋە ئۇممۇ مۇنەيئى دىگەن ئىسىل خانىملار ئايالدۇر.

7. مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى ئەڭ تاكامۇللاشقان ، مەخپىي ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ، بەلكى پۈتۈنلەي مەخپىي ھالدا ئۆزلىرى بىلەن بىر يولدىكى ئەرلەر بىلەن ئۆز قەۋم — قېرىنداشلىرى ئارىسىدىن ۋەدىلەشكەن جاي — ئەقەبە جىلغىسىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىلەن ئۇچرىشىپ بەيئەت قىلىش ئۈچۈن مۆشۈكتەك ئۈن — تىنسىز شىپپىدە سوغۇرۇلۇپ چىقىپ مىنا تېغىدا سۆيۈملۈك يىتەكچىسىگە بەيئەت قىلغان ئىككى شەخس ئايالدۇر . ئۇبدان مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ئەينى چاغدا يوقارقىدەك ئېغىر ۋەزىپىلەر ، خەتەرلىك ئىشلار ، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان

مۇشكۇل ئەمەللەرنى ئورۇنلاش ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىش ۋە بەدەل تۆلەش ئۈچۈن تەييارلانغان ۋە تەييار تۇرىدىغان ئايال مۇسۇلمان ئاياللار ئىچىدە پەقەت بىرلا ئەسما ياكى ئۇممۇ ئەممار ياكى ئۇممۇ مۇنەيئىلا بولغان ئەمەس ... بەلكى بۇلاردىن باشقىمۇ نۇرغۇن – نۇرغۇن ئېسىل ئاياللار بولغان . (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن ) لېكىن ھىجرەت جەريانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق پائالىيەتلەر تامامەن مەخپىي بىجىرىلىشى ، شارائىت ۋە ئەينى ۋەزىيەت قەتئىي تەلەپ قىلىدىغان موھىم ئىش بولغانلىقتىن ، ئايال كىشىنىڭ قەدىر – قىممىتىنى ۋە ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان بۇ شەرەپ ھەزرىتى « ھەۋۋا » ئانىمىزنىڭ قىزلىرى ئىچىدىن ئېسىل ۋە ئۇلۇغ خانىم ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرىدىن باشقا بىرسىگە نېسىپ بولمىغان .

ئۇ ئېرىشكەن شەرەپنىڭ يەنە ئايرىم مەيداندىكى كاتتا بىر ئۇلۇشى ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ئىككى خانىم ئۇممۇ ئەممار ياكى ئۇممۇ مۇنەيئىگەنسىبەتەن بۇ ئىككى ئايالدىن باشقا ئايالغىمۇ پۈتۈلگەن ئەمەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ دەرسلىككە ئاساسەن ، مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئىسلامىي دەۋەت بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە بۇ دەۋەتتىن ئالغان ياكى بۇ دەۋەتكە تۇتقان مەيدانى ۋە دەۋەتتىكى رولى قاتارلىقلارغا بولغان نەزىرىمىزنى قايتا – قايتا تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك ئىشتۇر . ئاياللار ئۈستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيەتلەر بىلەن ئەرلەر ئۈستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيەتلەر،ئاياللار

تاپشۇرىۋالدىغان ۋەزىپىلەر بىلەن ئەرلەر تاپشۇرىۋالدىغان ۋەزىپىلەر، ئاياللاردىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلار بىلەن ئەرلەردىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلار، ئاياللار خۇسۇسىيىتىدە بولغان ئىشلار بىلەن ئەرلەر خۇسۇسىيىتىدە بولغان ئىشلار، ئاياللار ھۆددىسىدىن چىقىدىغان ئىشلار بىلەن ئەرلەر ھۆددىسىدىن چىقمىسا بولمايدىغان ئىشلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئىسلام شەرىئىتى يورۇتقان نۇرلۇق ئىزاھاتلار بىلەن ھازىرقىدەك شارائىتلاردا ئىسلامىي دەۋەت رىئاللىقى تەلەپ قىلغان نەرسىلەر بىلەن مۇشۇ ئەسىردىكى بارلىق شارائىت ۋە ۋەزىيەتلەر تەقەززا قىلغان ، ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان نەرسىلەرنى ئېنىق ئايرىش شەرت قىلىنىدۇ.

بۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن بىخەۋەر يۈرۈش ۋە

بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەي سەل قاراش – دەۋەتكە پايدىلىق

نۇرغۇن پۇرسەتنى زايا قىلىشقا ، ئەر – ئاياللىرىدىن تەركىب تاپقان

ئىسلامىي جەمىيەتلەرگە مەنپەئەتلىك بولغان نۇرغۇن پايدىلىق ئامىللارنىڭ قولدىن كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن بۇ ئۈممەتنىڭ مۇناپىقلىرى ئېيتقاندەك « قولدىن ھەممە ئىش كەلسىمۇ ، ھەممە ئىشنى ئالاھىدە ماھارەت ، كەم تېپىلىدىغان قابىلىيەت بىلەن بېجىرسىمۇ ، ئايال كىشى ئەرلەر بىلەن

بابباراۋەر – ئوپمۇ ئوخشاش ئەمەس ، ئۇ ئاخىرى پېشكەللىككە

ئۇچرايدۇ ياكى ئەڭ ئەقەللىيسى ئەڭ موھىم ئىشلاردا مەغلۇپ بولىدۇ . چۈنكى ئۇنىڭ رولى ئۆزىگە لايىق يارىتىلغان

ساھەلەردە جارى بولىدۇ . »

لېكىن ئايال كىشى ھەممە نەرسىدىن يىراق قىلىنىش ، مەھرۇم قىلىنىش ، دەۋەت خوسۇسىيىتىدىكى قايسى بىر نەرسىنى ئالاھىدە ماھارەت بىلەن ئورۇنلاشتىن تامامەن يىراقلاشتۇرۇلغىدەك دەرىجىدە ئەمەس. بىز ئەڭ ئەزىز ۋە قىممەتلىك نەرسىلەردە جەمئىيەتنىڭ نىسپى بولغان ئايال زاتىدىن پايدىلىنىشتا مەغلۇپ بولغىدەك دەرىجىدە ئەمەس . ئىسلامىي پائالىيەتچىلەر « مۇسۇلمان ئايال » نىڭ مەنىۋى بايلىقلىرىنى ، ئۇلاردا يوشۇرۇنۇپ ياتقان تالانت ۋە خوسۇسىيەتلەرنى ۋە بۇ ھەقتىكى دەرسلىكلەرنى دىن ئېچىپ بەرگەن يورۇقلۇققا ئاساسلىنىپ ، ئىلگىرى ئۆتكەن مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بايراقدارلىرى تەقدىم ئەتكەن ئىسلام نەمۇنىلىرىگە ئاساسلىنىپ چوقۇم قىدىرىپ چىقىشلىرى كېرەككى، دىن راۋان ئىشلەتكەن نەرسىلەردىن ، رېئاللىق بىكىتكەن نەرسىلەرنى ياكى رېئاللىق راۋان ئىشلەتكەن نەرسىلەردىن دىن بىكىتكەن نەرسىلەرنى خىرەلەشتۈرمەستىن ... شۇنداق بولۇش .... مۇسۇلمان ئايالنىڭ كەڭچىل بولغان توغرىغا يېتەكلىگۈچى دىنىمىز ئىسلامنىڭ سايىسى ئاستىدا ئۆز تالانتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالىشى ، بىزلەرنىڭ ئۇلاردىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈندۇر . ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن ، بارلىق دۇنياۋى جەمئىيەتلەر ئازىدۇ . مەيلى گۇمانلىق بولسۇن ياكى

گۇمانلىق بولمىسۇن ، ئايال كىشىنىڭ تۇيغۇسىغا ئويۇن -

چاخچاق قىلىنىدۇ ،سىرتى مېھرى – شەپقەت ، ئىچى ئازاب ۋە

ھالاكەت بولغان دەۋالار بىلەن ئۇلارنىڭ ھېس – تۇيغۇسى غىدىقلىنىدۇ.

# تۈگەنچە

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن ، مانا بۇ يازغانلىرىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەرەپلىك ھىجرىتىدە داۋاملىق ساقلىنىپ تۇرىدىغان كاتتا نەمۇنىلەرگەباي ، تولىمۇ مول بولغان دەرسلىكلەردىن ھىجرەت دەرسلىكلىرى ۋە ۋەقەلىكلىرىگە ئائىت الله قەلبىمنى ئېچىۋەتكەن ، ماڭا نېسىپ ئەتكەن تەرەپلەر ھەققىدە تاقىتىمنىڭ يېتىشىچە ئۆرۈنۈش بولدى، خالاس.

ئەگەر مەن بۇ كىتابىمنى يېزىشتا ، ياكى بۇدەرسلىكلەردىن پايدىلىنىشتا توغرىنى تاپقان بولسام ، بۇ اللەنىڭ ماڭا قىلغان كاتتا پەزلىدۇركى ، مەن ئۇنىڭ بىلەن شەرەپ قۇچىمەن ، داۋاملىق اللەتەئالا غا تەشەككۈر ، ھەمدۇ – سانا ئېيتىمەن . ئەگەر، ئەكسىچە ئىش بولسا ، االەتەئالادىن مېنىڭ ئۆزۈمگە لايىق كەلمەيدىغان ، مېنىڭ ئىستىداتىمدا يوق بولغان ، قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئىشقا جۈرئەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن . مەن ھەققەتەن مەقسەت – نىشانىمنى خالىس قىلدىم ، قولۇمدىن كىلىدىغان بارچە تىرىشچانلىقىمنى سەرپ قىلدىم . لېكىن ، مېنىڭ يازغانلىرىم ، خاتىرە قالدۇرغانلىرىم ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ يازغانلىرى ، خاتىرە

قالدۇرغانلىرى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ ، ئەگەر بەت ئۈستىدىكى سىياھ

پېتى قەلبلەرگە ئەمەس ياكى كىتاب – دەپتەر قۇرلىرىغا پۈتۈلگەن

دەرسلەر پېتى قالدۇرۇلسا ، ئۇنىڭ نىمە پايدىسى؟!!

ئەگەر رېئاللىقىمىز بىر جايدا، ھىجرەت دەرسلىرى ، ھەدىسلىرى ، ۋەقەلىرى باشقابىر جايدا بولسا، ئۇنىڭغا ھېچكىم ئەمەل قىلمىسا ، ھېچكىم بۇ توغرىلىق پەقەت خاتىرىلەش ۋە مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەردىن باشقا بىرنەرسە بىلمىسە ....بۇ ئۇلۇغ ۋەقەلەر كىشىلەر دۇنياسىدا ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا رېئال ئەمىلىيەتكە ئايلىنالمىسا بۇلاردىن ۋە بۇلاردىن باشقىلارنىڭ نىمە پايدىسى ، نىمە كېرىكى بولسۇن؟

مۇسۇلمانلارنىڭ توغرا يولدا ماڭغان ئىككىنچى خەلىپىسى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلام ئۈممىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى باغلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن . ئىسلام تارىخىنىڭ باشلىنىشى قىلغان بۇ  ئۇلۇغ ھادىسىگە ئۆزىمىزنى سىڭدۈرۈشتىن داۋاملىق يېراقلىشىپ كىتىۋاتساق ، بۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقا دەرسلەرنىڭ نىمە كېرىكى بولسۇن !؟ بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ھىجرىتىنى ئىسلام تارىخىنىڭ باشلانمىسى قىلىشى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان خەيرلىك ئۈممەتنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بىرەتتى. كىشىلەر دۇنياسىدا اللەغا ۋاكالىتەن ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان ئىسلام دۆلىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى جاكارلىغانلىقى مۇشۇ تۈزۈمنىڭ كىشىلەر دۇنياسىدا بەرپا بولغانلىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. بۇ ئۈممەتنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى مۇشۇ دۆلەتنىڭ داۋاملىق مەۋجۇد بولۇپ

تۇرۇشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى ، بۇ ئۈممەتنىڭ كۈچ – قۇۋۋىتى ، بىرلىك – ئىتتىپاقلىقى ، ئىززەت – ھۆرمىتى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ مۇشۇ تۈزۈم – نىزامنى چىڭ تۇتۇشى ۋە ئۇنىڭغا چىڭ يېپىششىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئەمەسمىدى ؟

بىزنى يىلتىزىمىزغا مەھكەم باغلايدىغان ، چاتىدىغان نەرسە دەل مۇشۇ ھىجرەت تارىخىدۇر. ئۆتمۈشى بولمىغان كىشىلەرنىڭ كەلگۈسىمۇ بولمايدۇ . مانا بۇ ھىجرەت تارىخى بىزنى يىلتىزىمىزغا باغلىغاندەك ، بىزگەتارىخىمىزنى ساقلاپ بېرىدۇ ،خاتىرىلىرىمىزنى ئەزىز ۋە يۇقۇرى باھالارغا توشقۇزۇپ بېرىدۇ. بەلكى ئىبادەتلىرىمىز ۋە مۇئامىلىلىرىمىزگە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ ، ئىنتىزاملاشتۇرىدۇ .

ھېس – تۇيغۇلىرىمىزنى ئويغىتىدۇ ، بىزنى ياراتقۇچىمىز اللەغا باغلايدۇ ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟!!

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، بىزنىڭ تارىخىمىزغا ئالاقىمىز يوقتەك ياكى تارىخىمىزنىڭ بىز بىلەن ئالاقىسى يوقتەك ، تارىخىمىزنى تارىخىي مۇزېيلارغا تاشلاپ قويۇۋاتىمىز ، ياكى يولدىن تېپىۋالغان نەرسىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز . بىز تارىخىمىزنىڭ ئەسلى – ۋەسلىنى بىلمەيمىز . بىزنى يىلتىزىمىزدىن قومۇرىۋەتمەكچى بولغان ، تارىخىمىزدىن ئايرىۋەتمەكچى بولغان دۈشمەنلەرنى بىلمەيمىز . بىز ئەنە شۇ ئۇلۇغ مۇسۇلمان ئاتا –

بوۋىلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمىز . ئاشۇ ئايرىش بىزنى ئۆتمۈشىمىز ۋە ئۇنىڭدىكى ئاشۇ شان – شەۋكىتىمىزدىن يىراقلاشتۇرماقتا .

خوش، يوقارقىلاردىن كيىن ..... !

ئىسلامىي ھەرىكەتلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ھىجرىتىدىن شەكىللەنگەن نۇرغۇنلىغان دەرسلىكلەرنى ئەمىلىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشارمۇ ؟ بۇ ساھەدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان كىشىلەر بۇ ئۇممەتنى ئۆزلىرىنىڭ ھەققى تارىخىغا باغلاش – چېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلارمۇ ....؟

شۇنى ھېس قىلىپ يېتىۋاتىمىزكى، غايە – مەقسەتلەرگە يېتىش جەريانىدا ئاشۇ تارىخقا زىت كىلىدىغان جەھەتلەرنى ئېلىپ بېرىش پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. لېكىن بۇلار ۋە باشقىلارنى اللەنىڭ ئىزنى بىلەن گۇناھ – مەئسىيەت پاتقاقلىرىغا پاتقان ، جىنايەت ئەۋرەزلىرىدىن، زۇلمەتكە تولغان قارا ئازگاللاردىن ئورۇن تالىشىۋاتقان دۇنيادا ئاشۇ ھەرىكەتچان كىشىلەردىن ئۆزگە كىملەر بۇلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ؟

اللەدىن يىلىنىپ سورايمىزكى، الله ئىسلام ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان پۇتكۈل كىشىلەرنى ۋە باشقىلارنى مۇشۇ دەرسلىكلەردىن پايدىلىنىشقا مۇۋەپپەق قىلغاي.

بۇ ئىش پەقەت يەككە – يىگانە اللەنىڭلا قولىدىن كىلىدۇ . الله پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ ئىگىسىدۇر ، ئەڭ قۇدرەتلىكتۇر.

# تەرجىماندىن

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىغا ئەتراپلىق نەزەر سالغان كىشلەر ئۇلاردىكى پۈتمەس – تۈگىمەس غەزەپ ، ئۈمىدسىزلىك ، ئىزتىراپلىق تۇيغۇلارغا غەرق بولغان ھالەتنى ئېنىق بايقىيالىشى مۇمكىن . دەرۋەقە كاپىرلارنىڭ "دىنىي ئېتىقاد " ئەركىنلىكى ئالدامچىلىقى ئاستىدا باركۆچى بىلەن ئىسلام دىنىنى ، ئۆلىمالارنى ، ئىسلامىي دەۋەتنى ، ئىسلامىي كۆرەشنى يوقاتماقچى بولۇشى ۋە بۇ يولدا ئىنسانىيەت تارىخىدا ھېچ قانداق بىر جايدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ھىيلىگەرلىك ، ياۋۇزلۇقلار بىلەن ناھايىتى سىستېمىلىق ، پىلانلىق ھالدا توختىماي دۈشمەنلىك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى ئۇلارنىڭ بۇ خىل تۇيغۇغا كىلىپ قېلىشتىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر .

دەرۋەقە ئۇلار شۇنداق ئويلىماقتا ۋە دېمەكتە : ھازىرغىچە خەلقىمىز ئېلىپ بارغان نۇرغۇن ھەرىكەتلەر ئېچىنىشلىق تۈردە باستۇرۇلدى ۋە باستۇرۇلىۋاتىدۇ. كىچىككىنە ئىش قىلغانلارنى ئۇلار يوغان قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ 10-15يىللىق قاماقلارغا ھۆكۈم قىلىۋاتىدۇ ، نۇرغۇن كىشلەرنىڭ ئۆلۈك تىرىكلىكىنىڭ خەۋىرى يوق . كاپىرلار ئىنتىزام ، كۈچ – قۇۋۋەت ،تېخنىكا .... قاتارلىق جەھەتلەردە شۇنداق ئۈستۈن ئورۇندا..... بىر كىشلىك ئىمانىمىزنى ساقلاپ ياشىساقمىكىن ، الله گۇناھىمىزنى ئەپۇ

قىلار.... ئۆلىمالار ئارىسىدا بولسۇن ، ئاۋام ئارىسىدا بولسۇن ، بىرلىك – ئىتتىپاقلىقتىن ئىبىز ئاچقىلى بولمايۋاتىدۇ ، تەشكىللىك ھەرىكەتلەردىن ئىبىز ئىچىش نەدە .... ھىجرەت قىلىش-ئۆزىمىزنى پاكلاش ، غەلىبىگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ موھىم يولى بولسا كېرەك .... يەنە ....

ۋاھالەنكى ، ئۇمىدسىزلىك ۋە ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ ھەر ئىككىسى شەيتاندىن بولۇپ ، پەيغەمبىرىمىز بۇلارنىڭ ھەرئىككىسىدىن ئاگاھلاندۇرغان . بۇ ئىككى خىل ھالغا چۈشۈپ قېلىش ماھىيەتتە شەيتانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنى –كاپىرلارغا ياردەم بەرگەنلىك ، ئۇلارنى خوشال قىلغانلىقتۇر.

ھەقىقەتەن ۋەزىيەت كىشلەر ئويلىغاندەك ياكى ئۇنىڭدىن بەتتەر بولغان تەقدىردىمۇ ، باشقا ئىشلار كىشلەر ئويلىغاندەك بولۇشى ناتايىن . توغرا ! كاپىرلار ماددىي كۈچ ، تېخنىكا ... قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ ، مۇسۇلمانلار بۇلاردا شۇنداقلا نۇرغۇن تەرەپلەردە ئاجىز ئورۇندا . لېكىن بۇ كەلگۈسىنىڭ ھەم شۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ . شۇنداقلا ماددىي كۈچ ، تېخنىكا.. قاتارلىقلار غەلىبە قىلىشتىكى بىرىنچى ئامىلمۇ ئەمەس .

پەقەت ۋە پەقەت مۇسۇلمانلار ساھابىلەرگە ئوخشاش تەۋرەنمەس ئىمان ، ساغلام ئەقىدە ھازىرلىغان ئويۇشقان جامائەتكە ئايلانغاندا .... بۇ مەسىلىلەر بىر – بىرلەپ ھەل بولىدۇ . كاپىرلارنىڭ باتىل ھاكىمىيىتى شەكسىز غۇلاپ چۈشىدۇ..دۇنيادا

ئىسلام بايرىقى جەۋلان قىلىدۇ ...

ئەمەلىيەتتە كاپىرلارنىڭ يوقىرى دىكتاتۇرا ۋاستىلىرى بىلەن سان ـ ساناقسىز يالغان ـ ياۋىداقلىرىدىن باشقا ئىشەنگۈدەك دەسمايىسى يوق .

ئۇلارنىڭ بىناسىنىڭ ھۇلى تولىمۇ ئاجىز ۋە بىچارە ... ئۇلار ماددىي جەھەتتە گىگانىت بولغىنى بىلەن روھى جەھەتتىن تولىمۇ ئاجىز ۋە ئەبگار .. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ... بىرلىك ... دىگەنلەرمۇ توشقان تىرىسىدەك ئۈزاق چىدىيالمايدىغان نەرسىلەردۇر ...

ئىمان- مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ، ئەڭ موھىم دەسمايىسى، سەرمايىسى ... دۇر . ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن جاھالەت بىناسىنى پاچاقلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بىنانى قۇرۇپ چىقىدۇ . تىكەنلەر،

يانتاق – چاتقاللار ئورنىغا گۈل – گىيالار بەرپا قىلىدۇ... گەرچە

ئىشلار ھازىرقىدەك بولسىمۇ ...

.... مۇسۇلمانلار ئۈمىدسىزلىك ۋە ئالدىراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇشقا تىرىششى ۋە ئۇنىڭغا گىرىپتار بولۇشتىن ساقلىنىشى ھەمدە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ، اللەنىڭ دىنىنى يۈكسەلدۈرۈش ، مۇسۇلمانلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش ، ئىسلام دۆلىتى بەرپا قىلىش .. قاتارلىقلار ئۈچۈن سىستىمىلىق ، پىلانلىق ، نىشانلىق ، ئاقىلانە ھالدا ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم ....

بۇ مەسىلىلەر ياكى ئىشلار قانداقتۇر ھازىر خەلقىمىز كۈنتەرتىپتىن چىقىرىۋەتكەندەك، ئۇيلىسىمۇ بولىدىغان ، ئۇيلىمىسىمۇ بولىدىغان

پارچە – پۇرات ئىشلاردىن ، مۇستەھەپ ئەمەللەردىن بولماستىن

بەلكى ئەڭ زۆرۈر مەسىلىلەردىن ئىبارەتتۇر . خەلقىمىز بۈنى ۋە قانداقتۇر ناماز ، روزا ، زاكات ... قاتارلىق ئەمەللەرنىلا ئادا قىلىپ ، كاپىرلارنىڭ چىشىغا تەگمەي " بىر كىشىلىك ئىمانىمنى ساقلاپ ياشايمەن " دېيىشىنىڭ ئۆزىنى ئالداش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە تىگىشلىك ۋە مەردانە ، ئاقىلانە ، سالماق ھالدا ئۆزلۈكسىز تىرىششقا تىگىشلىك . بۇ ـ ئىلىم ئەھلىلىرى مۇرەسسەسىز ھالدا خەلققە يەتكۈزۈشكە ، چۈشەندۈرۈشكە ۋە شۇ بويىچە يېتەكلەشكە تىگىشلىك بۇرچ ـ مەسئۇلىيەتتۇر .

اللە قىيامەت كۈنى بىزدىن غەلىبىگە ئېرىشكەن — ئېرىشمىگەنلىكىمىزنى ئەمەس ، قانچىلىك ئىخلاس قىلغانلىقىمىزنى ، تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىمىزنى سورايدۇ ....

خەلقىمىزگە ، تەلىم — تەربىيە يولىدا ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان ئىلىم ئەھلىلىرىگە بۇ جەھەتتە پايدىسى بولۇپ قالار، دىگەن ئۈمىدتە سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىگە قارىماي ، مەزكۇر كىتابنى ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلىپ چىقتۇق . ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلىدىغان قېرىنداشلارنىڭ تەرجىمە جەھەتتە سەمىمىي ياردەم — مەسلىھەتلەرنى بىرىشىنى، تەكلىپ — پىكىرلەرنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز .

ئۇلۇغ ئىگىمىز اللەنىڭ خاتالىق ، گۇناھ — مەئسىيەتلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشىنى ، ئەمگىكىمىزنى ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىپ

بىرىشنى ، قوبۇل قىلىشنى ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ، ئۇلۇغ ئىسلام دىنىمىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بىرىشنى سورايمىز .

شەكسىزكى ، ئۇ بەندىلىرىگە ناھايىتى شەپقەتلىك ، مېھرىبان زاتتۇر ، گۇناھلارنى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر . كەمتەرلىك بىلەن يىلىنغۇچىلارغا ، ياردەم سورىغۇچىلارغا ، تەۋبە قىلغۇچىلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك زاتتۇر.